# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

# 新疆地方志



2008 2

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

**شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى**

پەسىللىك ژۇرنال
25 - يىل نەشرى
ئومۇمىي 83 - سان
**2008 - يىللىق**
**2 - سان**

**مەسلىھەتچىلەر**
ئىمىن تۇرسۇن
نۇرمۇھەممەت دۆلەتى
سابىر ئەلى

**باش مۇھەررىر**
دىلمۇرات مۇسا

**مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر**
ئابدۇرۇپ ئېلى
ئەخمەت روزى توغرۇل

**تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى**
(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)
ئابدۇرۇپ ئېلى، ئابدۇشۇكۇر تۇردى، ئابدۇقېيۇم خوجا، ئابلەت نۇردۇن، ئابلەت ئىمىن، راملە، غوپۇر ھوشۇر نىيازى، غوجا ئەخمەت يۇنۇس، قادىر ھاپىز، قاسىم خوجا، قۇربان مامۇت

**مەسئۇل مۇھەررىر**
پولات ھىمىت

**ژۇرنال خەت ساندۇقى:**
tezkire@126.com

# مۇندەرىجە

*تارىخ سەھىپىسىدە*

گۇچۇڭ چامباشچىلىقى ........... قاسىم خوجا 1

*ئىلمىي مۇھاكىمە*

قەدىمكى خەنزۇچە ۋەسىقىلەردىكى «匈奴» قاتارلىق ئاتالغۇلارنىڭ
قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى ............. ياسىن ھوشۇر 3
دەقيانۇس ھەققىدە ئىككىلىك سۆز ..........
.......................... غەيرەتجان ئوسمان 20

*مەشھۇر شەخسلەر*

يېتۈك سەنئەتكار، تونۇلغان دارۋاز ـــ ھاشىم ھاجى ...
........................ مۇھەممەت شاۋۇدۇن 24
كەلپىندە ئۆتكەن ئۇستا ھۈنەرۋەنلەر .................
.................................... مامۇت قۇربان 33

*گۆھەر زېمىندا*

چىپىت .................. سىمى مۇھەممەت، تۇرسۇن قۇربان 37

*مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى*

بىر جۈپ گۆھەر ................ مۇھەممەد يۈسۈپ 41
يۇرتىمىز تارىخىدا قوللىنىلغان قەدىمكى ئۆلچەم بىرلىكلىرى ...
........................... نىياز كېرىمى تۆپەئاتا 44

*بىلىپ قېلىڭ*

خانىش سىشى تەيخۇ نېمە ئۈچۈن شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشنى
قوللىغان؟ ........................................ 46

*سوتسىيالىستىك تەزكىرىلەردىن*

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. شەخسلەر تەزكىرىسى»دىن
.................................................. 49

***مۇقاۋىدا: قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پۇللىرى***

***سۈرەتنى مۇھەممەد يۈسۈپ تەمىنلىگەن***

# گۇچۇڭ چامباشچىلىقى

قاسىم خوجا

(شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن)

ئىلگىرى گۇچۇڭدا چامباشچىلىق خېلى ئەۋج ئالغان ۋە ئومۇملاشقان. چامباشچىلىق مەشىقى مۇسكۇل، ئۇگە-بوغۇم، پەي-سىڭىر، ئىچكى ئەزالار ۋە نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدۇ، ئادەمنىڭ كۈچ-ماغدۇرى، غەيرەت-شىجائىتىنى ئاشۇرىدۇ، ئىرادىسىنى چېنىقتۇرۇپ، ھېچنېمىدىن قورقماس، باتۇر قىلىپ يېتىلدۈرىدۇ.

گۇچۇڭ چامباشچىلىقىنىڭ پېشۋاسى توختاخۇن ئىسىملىك ئۇيغۇر زاتىدۇر. 20-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا گۇچۇڭ دىيارىدا ئۆتكەن توختاخۇن كىچىكىدىن تارتىپلا تۇرگۇن، غۇرۇرلۇق بولۇپ، پۈتكۈل ئۆمرىنى ئۆزىنىڭ مىجەز-خۇلقىغا ماس كېلىدىغان چامباشچىلىقنى ئۆگىنىشكە بېغىشلىغان. ئۇزۇن يىللار داۋامىدا توختاخۇن ئۇستازلىرىنىڭ تەلىمىدە تۈرلۈك جەبىر-جاپالارنى يېڭىپ، ھەر خىل گۇمپىلارنى تىرىشىپ ئۆگىنىش، تەكرار-تەكرار مەشىق قىلىش ئارقىلىق تەدرىجىي چامباشچىلىق ئاساسىنى ياراتقان. توختاخۇن ھەرگىزمۇ قانائەتلىنىپ قالماي، مەغرۇرلانماي، چامباشچىلىق گۇمپىلىرىنى ئۈزلۈكسىز يۈكسەلدۈرگەن. نەچچە ئون يىل ھارماي-تالماي، زېرىكمەي-تېرىكمەي، ئەستايىدىل مەشىق قىلىش ھەمدە تالاي مۇسابىقىلەردە تاۋلىنىش نەتىجىسىدە ماھىر چامباشچى بولۇپ يېتىلگەن. كۈچلۈك مۇشت-پەشۋالىرى ۋە ئاجايىپ گۇمپىلىرى ئارقىلىق كۆپلىگەن رەقىبلىرىنى يەڭگەن. بۇنىڭ بىلەن توختى چامباشنىڭ نام-شۆھرىتى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان ھەمدە ئۇنىڭ چامباشچىلىق گۇمپىلىرىنى ئۆگىنىش ئەۋج ئالغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، توختى چامباشنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان گەنسۇ، چىڭخەي قاتارلىق جايلاردىكى بەزى چامباشچىلارمۇ ئالايىتەن گۇچۇڭغا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن مۇسابىقىلەشكەنىكەن، بەزىلىرى يېڭىلگەندىن كېيىن توختى چامباشنىڭ يۇقىرى ماھارىتىگە قايىل بولۇپ، شاگىرتلىققا كىرگەن.

توختى چامباش كەڭ قورساق، ئومۇمىيەتچىل ۋە يىراقنى كۆرەر كىشى بولغانلىقتىن، چامباشچىلىق ھۈنىرىنى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي مۈلكى دەپ قارىماي، پۈتكۈل خەلق مەدەنىيىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى، خەلق كۈچ-قۇدرىتىنىڭ ئاساسى دەپ بىلگەن. شۇڭا ئۇ ياش ئەۋلادلاردىن شاگىرت تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، گۇچۇڭ تەۋەسىدىنلا ئەمەس، يەنە باشقا جايلاردىن كەلگەن نۇرغۇن شاگىرتلارنىمۇ تەربىيىلىگەن. توختى چامباش ئۆزىگىمۇ، شاگىرتلىرىغىمۇ قاتتىق تەلەپ قويىدىغان كەسكىن كىشى بولۇپ، شاگىرتلىرىغا مۇشتلىشىش، پەشۋا ئېتىش، قىلىچ-نەيزىۋازلىق، موللاق ئېتىش، تەستەكلەش، چاڭگاللىشىش، باش ئېتىش، سەكرەش قاتارلىق گۇمپىلارنى ئۆگىتىپ قاتتىق قوللۇق بىلەن چېنىقتۇرغان. مەشىققە



www.uyghurkitap.com

چىدىيالمىغانلىرى سەپتىن چۈشۈپ قالغان. بۇ توغرىسىدا مەن ئاڭلىغان ۋە ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن بەزى ئىشلار يادىمدىن چىقمايدۇ.

1953 ـ يىلى ئەتىيازدا گۇچۇڭ ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىسى ئەخمەتجان ئاكا(ئۆزبېك) بىرقانچىمىزگە ئۆزىنىڭ ياش ۋاقتىدا توختى چامباشقا شاگىرت بولغانلىقىنى، ئۇستازىنىڭ ئۇلارنى كېچە ـ كۈندۈز دېگۈدەك گۈمپا مەشىق قىلدۇرىدىغانلىقىنى، كېچىسى ئۇخلىغاندا كارىۋاتتا ئەمەس ئۆزۈن قاتتىق ئورۇندۇقتا ياتقۇزىدىغانلىقىنى، كىمكى ئورۇندۇقتىن چۈشۈپ كەتسە جازالىنىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. شۇنداق قاتتىق چېنىقتۇرۇشلار سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، شۇ چاغدا ئەخمەتجان ئەپەندى 60 ياشتىن ھالقىغان بولسىمۇ مەڭزىلىرى ئالمىدەك قىزىل، كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندە ھەممىمىز ئاۋايلايتتۇق، چۈنكى ئۇنىڭ چاڭگىلى ئامبۇردەك قىساتتى. بىر كۈنى ئەخمەتجان ئاكا توختى چامباشتىن ئۆگەنگەن بەزى گۈمپىلىرىنى كۆرسەتتى. ئۇ بىر پارچە قىزىل خىشنى سول قولىغا ئېلىپ، ئوڭ قولىنىڭ قىرى بىلەن ئۇرۇپ ئوتتۇرىدىن ئىككى قىلىۋەتتى، ئاندىن ئۆدۈلدىكى تامغا بىر پەشۋا ئېتىۋىدى، تام چاك كەتتى. كېيىن ئاڭلىسام ئەخمەتجان ئەپەندى ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرۈپ، كېسەل سەۋەبىدىن ئەمەس، قېرىلىقتىن ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىدا 30 نەچچە يىل تۈركچە ئاڭلىتىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان ئاتاقلىق تۈركشۇناس مۆمىن ئابدۇللا ئەپەندىمۇ ياش ـ ئۆسمۈر چاغلىرىدا توختى چامباشنى ئۇستاز تۇتۇپ گۈمپا ئۆگەنگەن. بۇ كىشى ھازىر 75 ياشتىن ئاشقان بولسىمۇ، ۋۇجۇدىدىن ھېلىھەم كۈچ ـ ماغدۇر، جۇشقۇن روھ ئۇرغۇپ تۇرغانلىقىنى، ھەمىشە خۇش چاقچاق، شوخ، تېتىك يۈرگەنلىكىنى كۆرىمىز. مانا بۇ توختى چامباش گۈمپىلىرىنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيان ئۆز شاگىرتلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۇرغۇپ تۇرغان سېھرىي كۈچىنىڭ نامايەندىسى!

توختى چامباش ئۆز جەمەتىدىكىلەردىنمۇ بىر قىسىم گۈمپىچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. ئۇنىڭ نىزامىدىن، شاھىدىن، ھۆسنىدىن، مەزىدىن دېگەن ئوغۇللىرى بولۇپ، ھەممىسىگە دېگۈدەك چامباشچىلىقنى ئۆگەتكەن. يازغۇچى ئامانئورى ئابدۇرۇسۇلنىڭ «تاڭ ئالدىدا تۇغۇلغانلار» ناملىق تارىخىي رومانىدا مۇنداق بىر تارىخىي ۋەقە بايان قىلىنىدۇ: توختى چامباشنىڭ شاھىدىن دېگەن ئوغلى ئازادلىق ھارپىسىدا ئۈرۈمچىدىكى مەلۇم بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان. بىر كۈنى شاھىدىن ئەپەندى تۆردۆش ئىسىملىك بىر زالىم ئوقۇتقۇچىنىڭ گۈدەك ئوقۇغۇچىلارغا ئېچىنىشلىق تەن جازاسى بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى توسۇپ نەتىجە چىقىرالماي، ئاخىرى ئاتىسىدىن ئۆگەنگەن گۈمپىسىنى ئىشلىتىپ بىر پەشۋا بىلەن ئۇ زالىمنى دېرىزىنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋەتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلار توختى چامباش گۈمپىسىنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن ئېخىمۇ ئېغىر زىيانكەشلىكتىن قۇتۇلۇپ قالغان. ئۆتمۈشتىكى ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتلەر دەۋرىدە خەلقنىڭ ئامانلىقى، پۇقرالارنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكى كاپالەتكە ئىگە بولمىغانلىقتىن، كىشىلەر ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن چامباشچىلىق گۈمپىلىرىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولغان. چامباشچىلىق گۇچۇڭدىكى ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېكلەردىن باشقا، خەنزۇ، خۇيزۇلار ئارىسىدىمۇ خېلى كەڭ ئومۇملاشقان.

تەھرىرلىگۈچى: خالىدە قادىر

# قەدىمكى خەنزۇچە ۋەسىقىلەردىكى «匈奴» قاتارلىق ئاتالغۇلارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى*

ياسىن ھوشۇر

(جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتشۇناسلىق ۋە ئىنسانشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى)

匈奴 قەدىمكى خەنزۇچە ۋەسىقىلەردە ھەر خىل نامدا ئۇچرايدۇ، جۇ دەۋرىدە ئۇ «خۇنيى-混夷، يۈنيۈ-獯鬻، شيەنيۈن-玁狁» دېگەن ناملار بىلەن ئاتالسا، ئەمىنىيە دەۋرىدە «رۇڭ-戎، دى-狄» دەپ ئاتالغان، يېغىلىق، چىن ۋە خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىن بۇيان «胡» ياكى «匈奴» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان بولسا، چىن ۋە خەن دەۋرلىرىدىن كېيىن ئومۇمەن دېگۈدەك «匈奴» دەپ ئاتالغان. دۆلەتشۇناسلىق ئۇستازى ۋاڭ گوۋېي شاڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى گۈيفاڭ (鬼方)، خۇنيى، يۈنيۈ، شيەنيۈن، ئەمىنىيە دەۋرىدىكى رۇڭ، دى ۋە يېغىلىق دەۋرىدىكى خۇلارنىڭ ھەممىسى 匈奴لار بىلەن بىر ئۇرۇقتىن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بىر مىللەت ئىكەن. ئۇ يەنە «گۈيفاڭ» دىكى «فاڭ-方»، «خۇنيى»دىكى «يى-夷» قاتارلىقلارنى خەنزۇلار قوشۇپ قويغان دەپ قارىغان[1]. ئۇنداقتا، ياۋرو-ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى باشقا قەدىمكى مىللەتلەر «匈奴»نى زادى قانداق ئاتىغان؟ بۇ جەھەتتە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلەر بىزنى قىممەتلىك يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بۇ ماقالىدە خەنزۇچە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى «bodistw taito samtso ačariniŋ yoriğin uqitmaq tsi-in-čuin tigmä nom bitig»[2] نى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ «匈奴» قاتارلىق قەدىمكى مىللەتلەر ۋە جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇلارنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك مەنبە مۇناسىۋىتىگە بولغان چۈشەنچىسى ھەققىدىكى دەسلەپكى ئىزدىنىشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

## *1. خەنزۇچە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»دىكى شىمالدىكى مىللەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەر*

تاڭ شۈەنزاڭ 7-ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر سەيياھ، تەرجىمان ۋە بۇددا دىنى ئۇستازى. خەنزۇچە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» شۈەنزاڭنىڭ ھاياتىغا دائىر ئەڭ دەسلەپكى ۋە شۇنداقلا ئەڭ تەپسىلىي خاتىرە. بۇ كىتابنىڭ ئالدىنقى بەش جىلدىنى شۈەنزاڭنىڭ شاگىرتى خۇيلى شۈەنزاڭنىڭ نوم ئەكىلىش جەريانىدىكى ئىشلىرىغا ئاساسەن يېزىپ چىققان بولۇپ، دەسلەپكى ئورگىنالى پۈتتۈرۈلگەندىن كېيىن، مەخپىي ساقلىنىپ كىشىلەرگە ئاشكارىلانمىغان.



www.uyghurkitap.com

خۇيلى جان ئۇزۇش ئالدىدا ئاندىن شاگىرتلىرىنى كىتابنى كىشلەرگە ئاشكارىلاشقا بۇيرۇغان. 688 ـ يىلىغا كەلگەندە، شۇەنزاڭنىڭ يەنە بىر شاگىرتى يەن زۇڭ بۇ بەش جىلدنى قايتا رەتلەپ، ئۆزى يەنە بەش جىلد قوشۇپ (يەنى كىتابنىڭ كېيىنكى بەش جىلدى) جەمئىي ئون جىلد قىلىپ، «سىرامان خۇيلى يېزىپ، يەن زۇڭ ئىزاھلىغان»[3] دەپ نام بەرگەن. كىتابتا شۇەنزاڭنىڭ ھايات ـ پائالىيىتى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن، بولۇپمۇ شۇەنزاڭنىڭ 629~645 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ھىندىستانغا بېرىپ نوم ئەكىلىش جەريانى، غەربىي يۇرت ۋە ھىندىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرى ۋە ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى ئەھۋاللىرى ئالاھىدە بايان قىلىنغان. بۇ ئەسەر شۇەنزاڭنىڭ يەنە بىر ئەسىرى «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» بىلەن بىللە بىزنىڭ قەدىمكى غەربىي يۇرت ۋە ھىندىستاننىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسى ھەم مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشىمىزدىكى قىممەتلىك ماتېرىيال.

19 ـ ئەسىردىن باشلاپ «شۇەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» ئىنگلىزچە، ياپونچە قاتارلىق كۆپ خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ، ھەرقايسى ئەل ئالىملىرى تەرىپىدىن كەڭ تەتقىق قىلىنىدى. ئۇيغۇرچە «شۇەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نىڭ قوليازمىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇنى مىلادىيە 10 ـ ئەسىردىلا بىر ئۇيغۇر ئالىمى ئۆز تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان[4].

644 ـ يىلى شۇەنزاڭ ئۇدۇنغا كېلىپ، تاڭ تەيزۇڭغا مەلۇماتنامە يوللاپ، ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە قايتىش ئەھۋالىنى بايان قىلغان. 645 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا شۇەنزاڭ چاڭئەنگە قايتىپ كەلگەندە، داغدۇغىلىق كۈتۈۋېلىنغان. 2 ـ ئايدا شۇەنزاڭ تاڭ تەيزۇڭ بىلەن كۆرۈشكەن، تاڭ تەيزۇڭ ئۇنىڭدىن غەربىي يۇرتنىڭ ئەھۋالىنى سورىغاندا، شۇەنزاڭ ئۇنىڭغا سۇدەك جاۋاپ بەرگەن ھەمدە چارە ـ تەدبىر كۆرسەتكەن. شىمالدىكى ۋە غەربىي يۇرتتىكى تۈركلەر ئىزچىل تاڭ تەيزۇڭنىڭ باش ئاغرىقى ئىدى، شۇڭا ئۇ چېگرا رايونلارنىڭ ئەھۋالىغا ھەر ۋاقىت دىققەت قىلىپ تۇراتتى. 646 ـ يىلى شۇەنزاڭ ئاغزاكى بايان قىلىپ، بيەنجى قەلەمگە ئالغان ۋە ئەڭ ئاخىرىدا شۇەنزاڭ تۈزىتىپ بېكىتكەن «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»نىڭ 12 جىلدى پۈتۈپ، ئۇنىڭ «مۇندەرىجىسى» يۇقىرىغا سۇنۇلغان. 648 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تاڭ تەيزۇڭ شۇەنزاڭنىڭ ئوردىغا كىرىشىگە ئىجازەت بەرگەن[5].

بۇنىڭدىن بۇرۇن، تاڭ تەيزۇڭ كۆپ قېتىم شۇەنزاڭنىڭ راھىپلىقتىن قول ئۈزۈپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىشىنى ئۈمىد قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ چىرايلىقچە رەت قىلغانىدى. تەيزۇڭ بىلەن شۇەنزاڭنىڭ سۆھبىتىدە، دۆلەت باشقۇرۇش ئىشلىرى ھەققىدە سۆز بولۇپ، شۇەنزاڭ تاڭ تەيزۇڭنىڭ نەتىجىلىرىنى مەدھىيىلەش بىلەن بىللە، ئۆزىنىڭ كاسايانى سېلىپ، راھىپلىقتىن قول ئۈزۈپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتناشماسلىقىدىكى بەش تۈرلۈك سەۋەبنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچىسى تارىختا شىمالدا ۋە چېگرا رايونلاردا ياشىغان 匈奴 قاتارلىق قەدىمكى مىللەتلەرگە ۋە جۇغراپىيىلىك مەزمۇنلارغا چېتىلاتتى. ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

«ياخشى ئىشنىڭ چېكى يوقتۇر، دۆلەتنى باشقۇرۇشنىڭ يولى رەھىمدىللىكتە. شۇنداق قىلغاندىلا خەلقنىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلغىلى بولىدۇ. (ئالىيلىرىنىڭ رەھىمدىل سىياستى) توققۇز ئىقلىمغا تارىلىپ، شەرقتە بۈيۈك دېڭىزدىكى كۈن چىقىدىغان جايدىن، غەرپتە قارا قۇرۇمغىچە، جەنۇبتا ئىسسىق ئىقلىمغىچە، شىمالدا قۇملۇققىچە بولغان ئالەمنىڭ ھەممە يەرلىرىگە تارالدى، مەيلى يۇزىگە ياكى بەدىنىگە چېكىۋالىدىغانلار بولسۇن ياكى بۇرنىدا ئىچىدىغانلار

بولسۇن ۋە ياكى ئوت - چۆپتىن كىيىم كىيىپ، چاپىنىنى سول تەرەپتىن ئىزمىلايدىغانلار[6] بولسۇن، ھەممىسى توسالغۇسىز ئالىيلىرىغا باش ئېگىپ، قىممەتلىك جاۋاھىراتلارنى سوۋغا قىلىشتى، ئاستانىگە كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. بۇ ئالىيلىرىنىڭ خەلققە رەھىمدىل سىياسەت يۈرگۈزگەنلىكىدىندۇر، شۇنداق تۇرسا، سىلىنىڭ يەنە باشقىلارغا ھاجەتلىرى چۈشەرمىدى، بۇ ئۈچىنچى نۇقتا. شيەنيۈنلەرنىڭ[7] پاراكەندىچىلىكىگە ئۇزۇن زامانلار بولدى. قەدىمكى زامانلاردا بەش پادىشاھ ئۇلارنى بويسۇندۇرالمىغان، ئۈچ خاقانمۇ ئۇلارنى تىزگىنلىيەلمىگەن. شۇڭا سالۋار چاچلىقلار خېنەن، لوياڭلارغىچە بېسىپ كەلگەنىدى، فېڭ ۋە خاۋجېڭدىمۇ جەڭ ساداسى توختاپ باقمىغان[8]. ئوتتۇرا ئىقلىم[9] بالا - قازاغا ئۇچراپ، 匈奴لار قۇدرەت تاپتى، بۇ ئەھۋال يىل، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدىمۇ داۋاملىشىپ، 匈奴لارنى چېكىندۈرەلمەي، جەڭ ئوتلىرى ئۆچمىدى. خەن ۋۇدى دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇ دۆلەتنىڭ بارلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ 匈奴لارغا جازا يۈرۈشى قىلدى، ۋېي چىڭ ۋە خو چۈبىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن جازا يۈرۈشى قىلغان بولسىمۇ[10]، لېكىن ئۇلارغا ئازراقلا زەربە بەرگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، 匈奴لارنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتالمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن 匈奴لارغا تاقابىل تۇرۇشتا بىرەر ياخشى تەدبىر بولمىدى. تاكى ئالىيلىرى تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ ئەتراپلىق پىلانلىرى نەتىجىسىدە، جازا يۈرۈشى قىلىنىپ، ئۇلارنى مەغلۇب قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۇۋىسىنى چۇۋۇپ تاشلاپ، ئېغىر ھالسىراتتىلا، خەنخەي، يەنرەن قاتارلىق جايلار ئوتتۇرا ئىقلىمنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى. ئۇلارنىڭ تەڭرىقۇتى، قوشۇنلىرى ۋە ئاۋام خەلقى بىزنىڭ پۇقرالىرىمىز بولدى. ئەگەر بۇلارنى ۋەزىر-ۋۇزرالارنىڭ تۆھپىسى دەپ قارىسىلا، يۈ، شيا[11] دەۋرلىرىدىن باشلاپلا نۇرغۇنلىغان قابىل ۋەزىرلەر ئۆتكەن، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار نېمىشقا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان؟ شۇڭا ئالىيلىرى ئەگەر رەھىمدىل سىياسەت يۈرگۈزسىلە ھەممە ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايلا ھەم بىر كىمگە ھاجەتلىرى چۈشمەيدۇ، مانا بۇ تۆتىنچىسى»[12].

### 2. ئۇيغۇرچە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»دىكى مۇناسىپ تەرجىمە

«شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغۇچى شىڭقۇ شەلى ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمىز ناھايىتى ئاز. بىز ئۇ تەرجىمە قىلغان «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نىڭ خاتىمىسىدىن ئۇنىڭ بەشبالىقلىق ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. بۇ ھەقتە ئۇ ئۇيغۇرچە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نىڭ 7 - جىلدىنىڭ ئاخىرىدا (بېيجىڭ فاكسىمىل نۇسخىسى، 23 - ۋاراقنىڭ ئارقا يۈزى) مۇنداق يازغان: « ... بەشبالىقلىق شىڭقۇ شەلى تابغاچ تىلىدىن تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلغان سامىتسو ئاچارىنىڭ تەرجىمىھالىنىڭ 7 - جىلدى تۈگىدى»[13].

شىڭقۇ شەلى «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»دىن باشقا يەنە خەنزۇ تىلىدىكى بۇددا دىنى ماھايانا مەزھىپىنىڭ دەستۇرى «ئالتۇن يارۇق»نىڭ 10 جىلدى قاتارلىقلارنى تەرجىمە قىلغان.

ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ خاتىمىسىدە ئۇ مۇنداق دەپ يازغان: «شەرقتىكى قۇتلۇق ۋە قۇدرەتلىك تاڭ ئېلىدە، ماھايانا ۋە ھىنايانا مەزھىپىنىڭ بارچە نوملىرىنى پىششىق بىلىدىغان ئۇستاز سامىتسو ئاچارى ئەنەتكەك تىلىدىن تاۋغاچ تىلىغا تەرجىمە قىلغان، ئاندىن بەشبالىقلىق شىڭقۇ شەلى تۇتۇڭ بۇ رەزىل دۇنيادا، بارلىق نوملارنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولغان ‹ئالتۇن يارۇق›نى تاۋغاچ تىلىدىن تۈرك - ئۇيغۇر تىلىغا تولۇق تەرجىمە قىلىپ تۈگەتتىم»[14]. ئۇيغۇرچە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نىڭ قولىيازمىسى 1930 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە شىنجاڭدىن تېپىلغان،

www.uyghurkitap.com



ئۇزۇنلۇقى 44 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 18 سانتىمېتىر[15]. بۇ ۋەسىقە بايقالغاندىن كېيىن، بىر قىسمىنى فرانسىيە ۋە روسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ئېلىپ كەتكەن، بۇنىڭ 94 ۋارىقى ھازىر روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ سانكىت پېتىربۇرگ شۆبىسىدە، 116 ۋارىقى فرانسىيە گۇيمېت ئاسىيا سەنئەت مۇزېيىدا، قالغان 208 ۋارىقى بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا (1951- يىلى بېيجىڭدا فاكسىمىل نۇسخىسى نەشر قىلىندى)[16].

سانكىت پېتىربۇرگ شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرچە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نىڭ پارچىلىرىنىڭ مەزمۇنى 5-، 6-، 8-، 10- جىلدلىرىغا مەنسۇپ.

ئۇنىڭ ئىچىدىكى 6- جىلدنىڭ 42-، 43-، 44- بەتلىرىدە بىز بۇ ماقالىمىزدە نەقىل ئالغان تاڭ تەيزۇڭ بىلەن شۈەنزاڭنىڭ سۆھبىتىدىكى، شۈەنزاڭ ئوتتۇرىغا قويغان 3- ۋە 4- سەۋەبنىڭ مەزمۇنى بار.

تۆۋەندە مەن ئۇيغۇرچە مۇناسىۋەتلىك قىسىملارنىڭ ترانسكرىپتسىيىسى بىلەن ئەسلىدىكى خەنزۇچە نۇسخىسىنى سېلىشتۇرۇپ ئۆتىمەن[17]:

قەدىمكى ئۇيغۇرچىسى (VI 42):

12. …üčünč t(ä)ŋri iligimz
至道旁通，
13. qutï ärsär kirtü törüsin arqu[ru]
深仁远洽，
14. turqaru itmiš ärür täriŋ t…
15. unïn ötkürü ïraq tägürmiš
东逾日域，
16. titir : öŋdün kün toğsïqda
西迈昆丘，
17. uluš-lardïn ärtmiš ärür kid[in]
南尽炎洲，
18. kün batsïq-qatägi tägmiš t[itir]
19. küntün tüpütüg töz-kärip t[ağ]-
北穷玄塞
20. dïn qïrqïz-ïğ tüpkärip oymïš
雕蹄鼻饮之俗，
21. yaqalïğ(taqalïğ?) ïtğïn ičtäči türklär[ig]
卉服左衽之人，
22. ot tonluğ trs yapïğlïğ kiši-lär
莫不候雨瞻风，
23. ig bular-qa barča ädgüsin tägürü
稽颡屈膝，
24. y(a)rlïqamaduq ärmäz-i üz-ä törülüg
25. törükä tägip töpü-lärin ügdänip
献珍贡宝，
26. tiz-lärin čökidip taŋsuq
27. äd t(a)var-larin ärtürü

تەرجىمىسى:

12. ئۈچىنچى، تەڭرى خانىمىز
13. بەختىگە ھەقىقىي قانۇن-ئەھكاملىرىنى
14. ھەممە يەرگە تاراتتى. تىرەن ت…
15. ھەم ئۇنى يىراق-يىراقلارغا يەتكۈزدى.
16. شەرقتە كۈن چىقىشتىكى
17. ئەللەردىن ھالقىپ ئۆتتى. كېيىن
18. پۈن پېتىشقىچە يەتتى.
19. جەنۇبتا تۈبۈتنى بويسۇندۇرۇپ

20. شىمالدا قىرغىزغا جازا يۇرۇشى قىلدى. ئۇيما
21. ياقىلىق، بۇرنى بىلەن ئىچكۈچى تۇركلەرنى
22. ئوت ـ چۆپتىن كىيىم كىيىپ، چاپاننى تەتۇر ئىزمىلايدىغانلار
23. بۇلارغا بارچە ياخشىلىقنى يەتكۈزۈپ
24. باشقۇرغانلىقىمىز ئۈچۈن توغرا
25. يولغا كىرىپ، خاننى مەدھىيىلەپ
26. تىز چۆكۈپ ئېسىل
27. مال ـ دۇنيالىرىنى تەقدىم قىلدى.

قەدىمكى ئۇيغۇرچىسى (VI 43) :

充委夷邸。
1. … larïn ančulayu …
2. tolu yatur üč balïq-lar-ta
此又天威所感，
3. bu muntağ t(ä)ŋridam čoğ yalïn üz-ä
4. čoğlanu y(a)rlïqamağï yana näŋ
无假于人，
5. kiši-kä yalŋuq-qa tayanmaq
6. dïn čoğlanu y(a)rlïqamïš
其义三也。
7. ärmäz bu üčünč ötüg
8. titir : törtünč kim bu t(a)vğač
玁狁为患，
9. [i]li tumšuqluğ-qa soqturğalï:
其来自久，五帝
10. [ta]rmaqlïğ-qa tartdurğalï ür-
11. [ki]č bolmïš ärdi biš ilig-lär
所不臣，三王
12. …ğali umadï : üč χan-lar
所不制，遂
13. …dğali küči yitmädi : ötrü
使河、洛为披发
14. [lağ]ki balïq qodï sačlïğ-lar-nïŋ
之野，酆、镐为
15. …qsï boltï : qutluğ čuu-nan
鸣镝之场，中国
16. [t]ägiri oq baš-lïğ-lar-nïŋ
17. [ö]rtgüni boltï : ortun il uluš
陵迟，匈奴得志，
18. …ksiz basïnč-lïğ boltï : türk
19. [y]očul bodun ärtiŋü ayam-lïğ
殷周已来，
20. [bo]ltï : inčü χan-din bärü näŋ
不能攘弭。
21. [u]lar-nï amïrtqurğalï köntürgäli
至汉武穷兵，
22. bolmadï : qačan χan vudi atlğ
23. χan-qa tägdükdä tolp süü
卫、霍尽力，
24. sin täbrätip qamağ küčin
25. [ön]türüp qatïğlantï antağ qïltï
虽毁枝叶，
26. [ärsär] ymä tk balïq-nïŋ
27. uluš-nuŋ čïbïq-ïn yapïrğaqïn

تەرجىمىسى:

1. …لىرىنى شۇنداق قىلىپ…
2. ئۈچ شەھەرگە تولۇپ كەتتى
3. مۇنداق ئىلاھىي شان ـ شۆھرەت ئۈستىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

4. شۆھرەتلىرىنى ئاشۇرۇشتا [ئالىيلىرى] يەنە نىمىشقا
5. باشقىلارغا تايىنىشقا
6. ھاجەتمەن بولۇپ قالدىلا؟
7. بۇ ئۈچىنچى سەۋەبتۇر
8. دەپتۇ. تۆتىنچىسى شۇكى، بۇ تابغاچ
9. ئېلى ئۆزىنى تۇمشۇقلۇققا سوقتۇرغىلى
10. تىرناقلىققا تاتىلاتقىلى
11. ئۇزۇن بولغانىدى. بەش خان
12. ...قىلالمىدى. ئۈچ خان
13. بويسۇندۇرغىلى كۆچى يەتمىدى. ئاندىن كېيىن
14. لاغكى شەھىرى سالۋار چاچلىقلارنىڭ
15. ....بولدى. قۇتلۇق چاڭئەن
16. ئاۋازلىق ئوقيالىقلارنىڭ
17. جەڭ مەيدانى بولدى. ئوتتۇرا ئەل دۆلىتى
18. پۈتۈنلەي بېسىۋېلىندى. تۈرك
19. يوچۇل بۇدۇن بەك شۆھرەت
20. قازاندى. يىن، جۇ خانلىقلىرىدىن بېرى
21. ئۇلارنى تىچلاندۇرغىلى، كۆندۈرگىلى
22. بولمىدى. قاچانكى خەن ۋۇدى ئاتلىق
23. خاننىڭ زامانىغا كەلگەندە بارلىق قوشۇن
24. نى تەۋرىتىپ پۈتۈن كۈچىنى
25. ئىشقا سېلىپ غەيرەتكە كەلگەن
26. بولسىمۇ شەھەرنىڭ،
27. ئەلنىڭ شاخ ـ يوپۇرماقلىرىنىلا

قەدىمكى ئۇيغۇرچىسى (VI 44) :

0. altïnč [ülüš]……
   根本犹存。
1. …ldi toz-i tüpi inčü [χan]…
   自后已来，
2. turu qaltï : antïrdïn birü taqï
   无闻良策。
3. äšidilmäz ilig uluš-uğ kötür
   及陛下御图，
4. däči tip : ulatï ančada t(ä)ηri
5. iligimiz qutï il ornïηa oluru
6. y(a)rïlqap bir süü-läyü
7. y(a)rlïqaduqta oq birtäm :
8. yoqatdï-ï ägri uya-[ïğ]
   无复孑遗，
9. lar töpün avalïğ-lar bir qalïs[ïz]
   瀚海、燕然之域
10. tolp quz arquruqï ïnčïn ada
   其入提封，
11. il-lig barča t(a)vğač ilingä
   单于弓骑之人
12. kirdi -lär : qïrqïz : y-a mingülük
   俱充臣妾。

13. kiši-lär yumqï ič ičäräki-[i]
若言由臣,
14. boltï-lär; inčïp birök inanč-
15. lar oğrïnta il tutğalï bolt[uqmïš]
则虞、夏已来
16. tisär huiz-vaŋ χu-a-vaŋ at[lğ]
贤辅多矣,
17. χan-lardin bärü ilči bilgä
18. lär ärtiŋü üküš ärdi: ančat[a]
何因不获?
19. nägülük il tutmadï-lar : [anï]
故知有道斯得,

تەرجىمىسى:

0. ئالتىنچى ئۆلۈش
1. ...لدى. تۆپ-يىلتىزىدىن [يوقىتالمىدى]. يىن، جۇ خانلىقلىرى
2. دەۋرىدىكى [ۋەزىيەت] يەنە داۋاملاشتى. شۇنىڭدىن بېرى تېخى
3. بىز ئاڭلاپ باقمىدۇق بىرەر خاننىڭ ئەلنى گۈللەندۈرگەنلىكىنى.
4. مۇشۇ زامانغا كەلگەندە تەڭرى
5. خانىمىز بەختكە يارىشا تەختكە ئولتۇرۇپ
6. ئەلنى ئىدارە قىلغان مەزگىلدە قوشۇن تارتىشقا
7. يارلىق قىلىش بىلەن
8. پۇتۇنلەي يوقىتىلدى. قارا خەلقتىن
9. ئېسىلزادىلەرگىچە بىرسىمۇ قالمىدى.
10. شىمالدىكى بارلىق ئاپەت كەلتۈرىدىغان
11. ئەللەرنىڭ ھەممىسى تابغاچ ئېلىگە
12. بېقىندى. قىرغىز ۋە ئوقيالىق ئاتلىق
13. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىزگە تەۋە
14. بولدى. ناۋادا، ئىنانچىلار
15. غىلا تايىنىپ ئەلنى باشقۇرغىلى بولسا
16. خۇيزىۋاڭ، خۇاۋاڭ ئاتلىق
17. خانلاردىن بېرى ئەلنى باشقۇرغۇچى دانىشمەن
18. لەر شۇنچە كۆپ ئىدى. [ئۇلار] شۇ چاغلاردا
19. نېمىشقا ئەلنى [ياخشى] باشقۇرالمىدى.

*3. ئۇيغۇرچە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»دىكى «匈奴» قاتارلىق ئاتالغۇلارنىڭ تەرجىمىسى ھەققىدە دەسلەپكى تەھلىل*

خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تەرجىمان تەرجىمە قىلىش جەريانىدا گەرچە ئەسلى نۇسخىسىنى ئازراق ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ، لېكىن مىللەتلەر ۋە جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇلارنى ئىپادىلەشتە ناھايىتى توغرا چۈشەنچىگە ئىگە بولغان، ھەمدە ئۇيغۇرچىسىدا تىل ئىشلىتىش ئورنىغا قاراپ، يۇقىرىقى ئاتالغۇلارغا ماس كېلىدىغان ئۇيغۇرچە سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنى ناھايىتى جايىدا ئىشلەتكەن. ئۇ «匈奴» دېگەن ئاتالغۇنى «türk yočul bodun» دەپ تەرجىمە قىلغان، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇ سۆز بىرىكمىسى ئۇيغۇرچە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»دا ئىككى جايدا ئۇچرايدۇ. ( VI43,

VI44, 25; 18-19). روسىيىلىك ئالىم تۇگۇشېۋا «türk yočul bodun» تۇراقلىق مەنىگە ئىگە سۆز بىرىكمىسى بولۇپ، «كۆچمەن چارۋىچى تۈركلەر، ئەركىن تۈركلەر» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە، دەپ قارايدۇ[22].

خەنزۇچە ئەسلى نۇسخىسى بىلەن سېلىشتۇرۇش نەتىجىسىگە ئاساسەن «türk yočul bodun»نى «匈奴»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ.

«türk yočul bodun» دېگەن بۇ ئۇيغۇرچە سۆز بىرىكمىسى قەدىمكى ئۇيغۇرچە «مايترى سىمىت» (Maitrisimit Nom Bitig)تىمۇ ئۇچرايدۇ[23].

تەرجىمان «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نىڭ 5 ـ جىلد 87 ـ ۋارىقىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «tawğač tilindin yänä biš balïqlïğ šinqu šäli tutuŋ türk tilinčä äwirmiš — بەشبالىقلىق شىڭقۇ شەلى تۇتۇڭ خەنزۇ تىلىدىن تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلدى»[24]. تەرجىمان ئېيتقان «تۈرك تىلى» بۇ يەردە قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئىشلەتكەن يېزىق تىلىنى كۆرسىتىدۇ.

شۇ تەرجىمان تەرجىمە قىلغان يەنە بىر بۇددا نومى «ئالتۇن يارۇق» (Suvarnaprabhāsa) نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ 10 ـ جىلدىنىڭ خاتىمىسىدە:

«biš balïqlïğ Šinqu Šäli Tutuŋ Tavğač tilindin Türk Uyğur tilinčä ikiläyü äwirmiš — بەشبالىقلىق شىڭقۇ شەلى تۇتۇڭ خەنزۇ تىلىدىن تۈرك ـ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدى»[25]. يەنە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نىڭ 5 ـ جىلدىدا خەنزۇ تىلىدىكى «亦睹货罗故地。风俗大同突厥» دېگەن جۈملىنى «بۇ ھەم توخرىلارنىڭ يېرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى تۈركلەرنىڭكى بىلەن ئوخشايدۇ»

«(ol balïq) yämä toχrïlar-nïŋ soki yiri titir: törüsi toqusi barčä türk birlä bir ärip»

دەپ تەرجىمە قىلغان (V52, 24). بۇ يەردە شىڭقۇ شەلى خەنزۇچىدىكى «突厥» دېگەن سۆزنىمۇ «تۈرك» دەپ تەرجىمە قىلغان[26]. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ تىلىنى «تۈرك تىلى» ياكى «تۈرك ئۇيغۇر تىلى» دەپ ئاتىغان. «جۇنامە» 50 ـ جىلد «تۈركلەر تەزكىرىسى»دە: «تۈركلەر 匈奴لارنىڭ ئايرىم بىر نەسلىدىن بولۇپ، فامىلىسى ئاشىنا ئىدى. ئۇلار ئۆز ئالدىغا ئايرىم قەبىلىدۇر»[27] دەپ يېزىلغان.

«يېڭى تاڭنامە»دە «ئۇيغۇرلار 匈奴لارنىڭ ئەۋلادى»[28]، «كىتابلار جەۋھىرى»دە: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى 匈奴لارنىڭ ئەۋلادىدۇر»[29] دەپ خاتىرىلەنگەن.

«يېڭى تاڭنامە»دە «تۈركلەرنىڭ فامىلىسى ئاشىنا بولۇپ، ئۇلار 匈奴لارنىڭ شىمالىدا ياشىغان»[30] دېگەندەك خاتىرىلەر بار.

ۋاڭ گوۋېينىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، خەنزۇچە ۋەسىقىلەردىكى «匈奴» ۋە «شيەنيۈن» (玁狁) دېگەن بۇ ئىككى سۆز ئەمەلىيەتتە ئوخشاش مەناغا ئىگە ئىكەن، «شيەنيۈن» خەنزۇچە تارىخىي ئەسەرلەردىكى «匈奴»لارنى كۆرسىتىدىكەن، لېكىن شىڭقۇ شەلى تۇتۇڭنىڭ قەلىمى ئاستىدا «匈奴» دېگەن بۇ سۆز türk yočul bodun يەنى «كۆچمەن چارۋىچى تۈركلەر»دەپ تەرجىمە قىلىنغان بولسا (VI43, 18)، «شيەنيۈن» دېگەن سۆز tumšuqluğ [ta]rmaqlïğ يەنى «تۇمشۇقلۇق ۋە تىرناقلىق» دەپ تەرجىمە قىلىنغان (VI43, 9—10). مەسىلەن تەرجىمان «中国陵迟，匈奴得志» دېگەن جۈملىنى ortun il uluš...ksiz basïnč-lïğ boltï: türk [y]očul bodun ärtiŋü ayam-lïğ [bo]lt دەپ تەرجىمە قىلغان. يەنى «ئوتتۇرا ئىقلىم تۈگەل بېسىۋېلىندى،تۈرك يوچۇل بودۇن بەك كۆتۈرۈلۈپ كەتتى» (VI43, 17—20)؛ يەنە «玁狁为患，其来自久» دېگەننى:

bu tavğač [i]li tumšuqluğ-qa soqturğali [ta]rmaqlïğ-qa tart-durğalï ür[ki]č bolmïš ärdi

دەپ تەرجىمە قىلغان، يەنى: «بۇ تابغاچ ئېلى تۇمشۇقلۇققا سوقتۇرغىلى، تىرناقلىققا تارتقۇزغىلى ئۇزۇن بولدى»(VI43, 8 ـ 11).

خەنزۇچىسى بىلەن ئۇيغۇرچىسىنى سېلىشتۇرۇشتىن بىز شۇنى ئېنىق بىلەلەيمىزكى، خەنزۇچە ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگەن «匈奴» ۋە «شيەنيۈن» (玁狁) دېگەن ئۇقۇم، تەرجىماننىڭ نەزەرىدە روشەن پەرقلەندۈرۈلگەن، بۇ مەسىلە يەنىمۇ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

قەدىمكى تۈركچە مەڭگۈ تاشلاردا ئۇچرايدىغان «تۈرك» دېگەن ئاتالغۇ خەنزۇچىدىكى «突厥» گە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، «تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»دا مۇنداق مەزمۇنلار بار:

bilgä tonyuquq bän özüm tabğač iliŋä qïlïntïm, türk bodun tabğačqa körür ärti

«مەنكى بىلگە تۇنيۇقۇق تابغاچ ئېلىدە تەربىيىلەندىم، ئۇ زامانلاردا تۈرك خەلقى تابغاچلارغا قارايتتى»[31]. قەدىمكى تۈركچە مەڭگۈ تاشلاردىكى türk bodun دېگەن سۆزنىڭ مۇقىم مەنىسى «تۈرك خەلقى» دېگەنلىك بولاتتى.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرچە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نىڭ تەرجىمانى «匈奴» قاتارلىق ئاتالغۇلارنىڭ ئۇيغۇرچىسى ھەققىدە ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە ئىدى. 10 ـ ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر تەرجىمان «匈奴»لارنى türk yočul bodun دەپ، ئۆزىنىڭ تىلىنى «تۈرك تىلى» ياكى «تۈرك ئۇيغۇر تىلى» دەپ ئاتىغان. بۇ بىزنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئۆزىنى ئاتىشىنى ۋە ئەتراپتىكى مىللەتلەرگە بولغان تونۇشىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا مۇھىم ماتېرىياللىق قىممەتكە ئىگە.

تەرجىمان ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشتا يەنە بىرمۇنچە دارىتمىلىق مەزمۇنلارنى قىستۇرغان. مەسىلەن تەرجىمان ئۇيغۇرچە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نىڭ 6 ـ جىلد 44 ـ بېتىدە مۇنداق يازغان:

bišinč türk yočul bodun ärtiŋü kötrülti, üstünki il ulušlar, törüsin ïčqïntï» — بەشىنچى، تۈرك يوچۇل بودۇن بەك كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، ئۈستۈنكى ئەل ئۇلۇسلارنىڭ قانۇن ياساقلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتى». ئەمەلىيەتتە، خەنزۇچە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»دىكى بۇ بۆلەك شۈەنزاڭنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتناشماسلىقىدىكى بەشىنچى سەۋەبتىن باشلىنىدۇ، ئۇ تارىختىن مىسال كەلتۈرۈپ، «كورىيە كىچىككىنە دۆلەت تۇرۇپ سۇي سۇلالىسىگە ھۆرمەتسىزلىك قىلغاچقا، سۇي پادىشاھى بارلىق قوشۇنلارنى يىغىپ، شەخسەن ئۆزى ئۈچ قېتىم جازا يۈرۈشى قىلدى»، ئاقىۋەتتە «پۈتۈن سەپ بويىچە تىرە-پىرەن بولۇپ، شەرمەندىلەرچە قايتىپ كەلگەن»لىكىدەك تارىخىي ساۋاقنى سۆزلىگەن[32]. بۇنىڭ 匈奴 بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىسىمۇ، لېكىن تەرجىمان ئۇيغۇرچىسىغا يۇقىرىدا ئېيتىلغان 匈奴لارغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى قىستۇرۇپ قويغان.

بۇندىن باشقا، تەرجىمان يەنە بەزى مىللەت، يەر نامى ۋە تارىخىي ۋەقەلەرنى ئۆزگىچە تەرجىمە قىلغان. مەسىلەن: فېڭ، خاۋ قاتارلىقلارنى qutluğ čuu-nan «مۇقەددەس چاڭئەن» (VI43, 15) دەپ تەرجىمە قىلغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تەرجىمان يۇقىرىقى ئىككى جاينىڭ مۇھىم تارىخىي ئورنىنى بىلگەن. « ۋېي چىڭ ۋە خۇ چۈبىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن جازا يۈرۈشى قىلغان بولسىمۇ» دېگەن يەرنى تەرجىمە قىلغاندا، تەرجىمان ئەسلى تېكىستنى پۈتۈنلەي

www.uyghurkitap.com



ئۆزگەرتىۋەتكەن، تەرجىمىدە تارىخنامىلەرگە ئىسمى پۈتۈلگەن ۋىي چىڭ بىلەن خو چۈبىڭلارنىڭ ئىسمى كۆرۈنمەيدۇ، شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇن qamağ küčin [öŋ]türüp «پۈتۈن كۈچى بىلەن» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. (VI43, 24-25)؛ ئۇنىڭ «جۇڭگو»نى ortun il uluš «ئوتتۇرا ئەل» (VI43, 17) دەپ ئېلىشى، باشقا قەدىمكى ئۇيغۇرچە مەنبەلەردە تاڭ سۇلالىسىنى «tavğač – تاۋغاچ» دەپ تەرجىمە قىلىشتىن پەرقلىنىدۇ (VI43, 8).

ئۇيغۇرچىسىدا ئۇچرايدىغان «tüpüt» (VI42, 19) دېگەن ئاتالغۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ جەنۇبىدا ياشايدىغان «تىبەت»لەرنى كۆرسىتىدۇ، ئەمما خەنزۇچىسىدە «تىبەت»لەرگە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار ئۇچرىمايدۇ.

ئەسلى تېكىستتىكى «تەڭرىقۇتنىڭ ئوقيالىق چەۋەندازلىرى» دېگەن سۆزنى qïrqïz y-a min`gülük kiši-lär «قىرغىز يا مىڭگۈلۈك كىشىلەر» (VI44, 12—13) دەپ تەرجىمە قىلغان. تەرجىمان بۇ يەردە خەنزۇ تىلىدىكى «单于» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىشكە تېگىشلىك يەرگە «qïrqïz - قىرغىز» دېگەن سۆزنى ئالماشتۇرىۋەتكەن، ئۇنىڭ بۇ سۆزلەرنى ئالماشتۇرۇۋېتىشتىكى مەقسىدىنى تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

تەرجىمان خەنزۇچىدىكى «ھەممىسى قول-دېدەك بولدى» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ئېنىق بىلگەچكە، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە بۇنى ئۆزگەرتىپ kiši-lär yumqï ič ičäräki-[i] boltï-lär «كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىزگە تەۋە بولدى» دەپ تەرجىمە قىلغان، بۇ تەرجىماننىڭ سەۋىيىسىنى نامايان قىلغان.

تەرجىمان يەنە ئەسلى تېكىستتىكى «بويسۇنغانلار قەسىر-سارايلارغا تولۇپ كەتتى» دېگەننى tolu yatur üč baliqlarta» – ئۈچ شەھەر لىققىدە توشۇپ كەتتى» (VI43, 2) دەپ تەرجىمە قىلغان، تارىخىي ۋەقەلەرنى ئېسىدە چىڭ ساقلىغاچقا «ئۈچ شەھەر» دېگەننى مەقسەدلىك گەۋدىلەندۈرگەن. خەن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە شىمالىي چېگرىدىكى رايونلارنىڭ ھەممىسىدە دىگودەك بەيئەت قىلغۇچىلار شەھىرى بار ئىدى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ھازىرقى ئوردوسنىڭ شىمالىدا شەرق، غەرب ۋە مەركەزدىن ئىبارەت ئۈچ بەيئەتچىلەر شەھىرى بولۇپ، تۈركلەردىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن قۇرۇلغانىدى، بۇ جۈملىنىڭ تەرجىمىسى تەرجىماننىڭ جۇڭگو تارىخىغا ناھايىتى پىششىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

يۇقىرىقى تەھلىللەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تەرجىمان شىڭقۇ شەلى يالغۇز بۇددا دىنى تەلىماتلىرىغىلا پىششىق بولۇپ قالماستىن بەلكى يەنە سىياسىي، تارىخ ۋە مەدەنىيەتنىمۇ ناھايىتى پىششىق بىلگەن.

بۇ يەردە «جىننامە» 95-جىلد «بۇددا چېڭئانىڭ تەرجىمىھالى»دىكى مۇنۇ ئەھمىيەتلىك خاتىرىلەرنى تىلغا ئېلىش زۆرۈر، بۇ كىتابتا (秀支替戾冈，仆谷劬秃当) دېگەن سۆزلەر خاتىرىلىنىپ: «بۇ كېش تىلىدا 秀支 قوشۇن دېگەنلىك، 替戾冈 چىقىرىش دېگەنلىك. 仆谷 ليۇ ياۋ دېگەن غوزنى كۆرسىتىدۇ، 劬秃当 تۇتۇش دېگەنلىك، بۇ گەپ قوشۇن ئاتلانسىلا ليۇ ياۋ تۇتۇلىدۇ دېگەنلىك بولىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن[33]. بۇ جۈملە ھەققىدە ھەرقايسى ئەل ئالىملىرى جىق تەتقىقاتلارنى قىلغان[34]. روسىيىلىك تىلشۇناس ئە. ر. تېنىشېفمۇ 匈奴 تىلى ھەققىدە ئىزدەنگەن[35].

روسىيىلىك تىلشۇناس شېرۋاشىدزې (И.Н.Шервашидзе) بۇرۇنقىلارنىڭ تەتقىقاتى ئاساسىدا،

خەنزۇ يېزىقىدىكى شېئىر «秀支替戾冈，仆谷劬秃当» ھەققىدە يېڭىباشتىن تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، تۆۋەندىكىدەك قىياسنى ئوتتۇرىغا قويغان[36]:

مەنبە تىل قۇرۇلمىسى: sükä talïqtïŋ, buquğ qodï qo(d)tïŋ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى: سەن قوشۇن باشلاپ چىقساڭ، بۇگۇ (buquğ) نى ئاغدۇرالايسەن.

شېرۋاشىدزې سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، يۇقىرىقى «كېش تىلى»دىكى شېئىرنىڭ قۇرۇلمىسىنى قەدىمكى تۈرك تىلى دەپ قارىغان.

يۇقىرىقى سېلىشتۇرۇشتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شېرۋاشىدزې قىياس قىلغان قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى مەزمۇن، ئەسلى تېكىستتىكى بۇ ئىككى قۇر شېئىرنىڭ خەنزۇچە ئىزاھاتى «قوشۇن ئاتلانسىلا، ليۇ ياۋ تۇتۇلىدۇ» دېگەنگە قارىغاندا تېخىمۇ يېقىنراق بولغان.

### 4. خۇلاسە

يېقىنقى نەچچە ئون يىلدىن بۇيانقى تىلشۇناسلىق، مەنبەشۇناسلىق، ئارخېئولوگىيە، ئىنسانشۇناسلىق ۋە باشقا پەنلەر ئارىسىدىكى ئۆتۈشۈش قەدىمكى ۋە يازما تارىختىن بۇرۇنقى ئىنسانلارنىڭ تىل، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىيەت ۋە كۆچۈش قاتارلىق ساھەلەردىكى تەتقىقاتىنى خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشتۈردى[37]. «匈奴» تىلىنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ باشقا تىللار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ئىزچىل تىلشۇناسلارنىڭ دىققىتىنى تارتىپ كېلىۋاتقان مۇھىم ساھە بولۇپ، تەتقىقاتچىلارنىڭ ھەممىسى «匈奴» تىلىنى يېشىش ۋە قىياس قىلىش ئارقىلىق، ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تىرىشتى. يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، جۇڭگو ۋە غەرب مەنبەلىرىدىكى «匈奴» ۋە باشقا قەدىمكى مىللەتلەر كىتاب يۈزىدىن «غايىپ بولۇش» بىلەن بىرگە، باشقا نامدىكى نۇرغۇنلىغان مىللەتلەر تارىخىي خاتىرىلەردە پەيدا بولۇشقا باشلىدى. تارىختىكى ۋە ھازىرقى تىللار ھەمدە دىئالېكتلار، بۇ تىللار ئىپادە قىلغان تارىخنى تەتقىق قىلىش، «匈奴» قاتارلىق تارىختىن «غايىپ بولغان» مىللەتلەرنىڭ تىلى، مەدەنىيىتى ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالى قاتارلىقلارنى مۇھاكىمە قىلىش ۋە قىياس قىلىشتىكى ئۈنۈملۈك يولدۇر. مەسىلەن، روسىيىلىك مەشھۇر تىلشۇناس A. H. باسكاكوۋ 匈奴 قەبىلىلەر ئىتتىپاقى يېمىرىلگەندىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىي قەبىلىلەر تۈركىي تىللاردىكى مەلۇم ئورتاقلىقلا ئىگە ئىككى تارماقنى شەكىللەندۈرگەن، يەنى غەربىي 匈奴 تىلى تارمىقى بىلەن شەرقى 匈奴 تىلى تارمىقى. غەربىي 匈奴 تىلى تارمىقى تەرەققى قىلىپ بۇلغار، ئوغۇز، قىپچاق، قارلۇق تىل گۇرۇپپىلىرىغا بۆلۈنگەن. غەربىي 匈奴 تىلى تارمىقى يەنە چۇۋاش، گاگاۋۇز، ئەزەربەيجان، تۈرك، قىرىم تاتارچىسى، نوغاي، تۈركمەن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شەرقىي 匈奴 تارمىقى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى — ئوغۇز تىلى ۋە قىرغىز تىلى — قىپچاق تىلىدىن ئىبارەت ئىككى تىل گۇرۇپپىسىنى شەكىللەندۈرگەن. شەرقىي 匈奴 تىلى تارمىقى ئوغۇز، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، تۇۋا، ساخا، خاكاس، قىرغىز، چۇلىم تاتارچىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ[38]. يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيان، روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئورنى قاتارلىق تەتقىقات ئورگانلىرىدىكى تۈركولوگلار تاماملىغان «تۈركىي تىللارنىڭ تارىخىي سېلىشتۇرما گىرامماتىكىسى» («فونېتىكا»، «مورفولوگىيە»، «سىنتاكسىس»، «لېكسىكا»، «تىل جۇغراپىيىسى قىياسى» قاتارلىق توملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)نىڭ ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىنىشى، تۈركىي تىللار

www.uyghurkitap.com



تەتقىقاتىدىكى مۇھىم نەتىجىلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ بىر يۈرۈش ئەسەرلەردە، تىلشۇناسلار ياۋرو-ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇق تارىخىغا مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن تۈركىي تىللارنى فونېتىكا، مورفولوگىيە، سىنتاكسىس، لېكسىكا، تىل جۇغراپىيىسى نۇقتىلىرىدىن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلدى ھەمدە «ئىپتىدائىي تۈركىي تىللار»نى قايتا قىياس قىلدى، بۇ بىزنىڭ قەدىمكى ئىچكى قۇرۇقلۇق ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ تىل ئەھۋالىنى چۈشىنىشىمىزدە مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە[39].

يۈز يىلدىن بۇيان ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى تىلشۇناس ۋە تارىخشۇناسلار ناھايىتى زور زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلىپ، ئوخشىمىغان نۇقتىدىن قەدىمكى 匈奴لارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە تەۋەلىكىنى تەتقىق قىلىشقا تىرىشتى. تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، 匈奴لار ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ئوخشاش بولمىغان مىللەت ۋە تىللارنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە تۈركىي تىللارمۇ بار[40].

匈奴 لارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ تىلى، ئېتنىك مەنبەسى، شەكىللىنىشى، تارقىلىشى، كۆچۈشى ۋە يازما خاتىرىلەردىن «يوقىلىش» سەۋەبلىرىنى پۈتكۈل ياۋرو-ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنىشى بولغان ئىجتىمائىي، سىياسىي، مەدەنىيەت، تىل، مىللەتلەرنىڭ كۆچۈش كاتېگورىيىسىگە قويۇپ تۇرۇپ، كۆپ خىل پەنلەر ئارقىلىق ئۇنىۋېرسال تەتقىق قىلغاندىلا ئاندىن تارىخنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىگە يېقىنلاشقىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقايسى ئەل تىلشۇناس، ئارخېئولوگ، تارىخشۇناس، ئىنسانشۇناس، مىللەتشۇناس، مەنبەشۇناسلىرى بىرلىكتە ھەمكارلاشقاندىلا قەدىمكى 匈奴لار ۋە ئۇلار ياشىغان دەۋرنىڭ سىرىنى ئاچقىلى بولىدۇ. ئۇيغۇرچە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» بىزنى بۇ جەھەتتە قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. 10 - ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر ئالىمى شىڭقۇ شەلىنىڭ خەنزۇچىدىكى «匈奴» ۋە باشقا قەدىمكى مىللەت ۋە يەرناملىرىنى تەرجىمە قىلىشتىكى تونۇشى، ھازىرقى تەتقىقاتچىلار - نىڭ «匈奴»لارنىڭ تىلى ۋە ئېتنىك مەنبەسىگە ھۆكۈم قىلىشىدا شەك شۈبھىسىزكى مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

قوشۇمچە: بىر قىسىم قەدىمكى خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە سۆز ۋە بىرىكمىلەرنىڭ سېلىشتۇرمىسى:

| | | | |
|---|---|---|---|
| 玁狁 | tarmaqlïğ tumšuqluğ | 东 | öŋdün |
| 五帝 | biš ilig-lar | 西 | kün batsïq |
| 三王 | üč van-lar | 北 | quz |
| 河、洛 | lağki balïq | 南 | küntün |
| 披发 | qodï sačlïqlar | 日域 | kün toğsïq uluš-lar |
| (黠戛斯) | qïrqïz | 道 | törü |
| 鄯镐 | (qutluğ) čuu-nan | 昆丘 | kün batsïq-qatagi |
| 鸣镝 | oq baš-lïğ | 卉服 | ot tonluğ |
| 中国 | ortun il uluš | 左衽 | trs yapïğlïğ |
| 殷周 | inčü （van） | 献珍贡宝 | äd t(a)var-larin arturu |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 弓骑之人 | y-a mingülük kiši-lär | 汉武（帝） | han vudï atlïğ van |
| 虞（王） | huiz-vaŋ | 陛下 | t(ä)ŋri iligimiz |
| 夏（王） | vu-a-vaŋ | 匈奴 | türk yočul bodun |

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. سېن جۇڭمىيەن: «تۈرك تارىخ توپلىمى» (1-، 2-توم) جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 2004- يىلى نەشرى

2. فېڭ جياشېڭ « ئۇيغۇرچە ‹شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى› ھەققىدە تەتقىقات دوكلاتى» «ئارخېئولوگىيە» ژۇرنىلى B نۇسخا 1- سان، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى، 1953- يىل

خۇي لى، يەن سۇڭ يازغان، سۇن مىنتاڭ ئىزاھلىغان: «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 2000- يىلى نەشرى

3. لىن گەن تۈزگەن: «匈奴 تارىخ يىلنامىسى» جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 1984- يىلى نەشرى

4. لىن گەن تۈزگەن: «匈奴لار تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»(1-، 2- قىسىم) 1988- يىلى نەشرى

5. ۋاڭ گوۋېي: «گۇەنتاڭ توپلىمى» جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 1959- يىلى نەشرى

6. ياڭ تىڭفۇ: «شۈەنزاڭ يىلنامىسى» جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 1988- يىلى نەشرى

### ئىزاھلار:

* بۇ ماقالىنىڭ دەسلەپكى ئورگىنالى 1992-يىلى پۈتۈپ چىقىپ، 2005-يىلى بېكىتىلگەن. ئورگىنالى پۈتكەندىن كېيىن، چېن شىيجاڭ، ليۇ جېڭيىن، خاۋ يۈڭجۈن، ۋۇئەنچى، جاۋ مىڭمىڭ، نيې خۇڭيىن قاتارلىق ئەپەندىلەر كۆرۈپ چىقىپ تۈزىتىش پىكىرلىرىنى بەردى، بۇ يەردە ئالاھىدە رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن. كەمىنە 1995- يىلى گېرمانىيىگە تەكشۈرۈشكە بارغىنىمدا، بېرلىن ئاكادېمىيىسىدىكى پروفېسسور (Berlin-Brandenburgische Akademie der Wissenschaften) پېتېر زيمې (Peter Zieme) ۋە دوكتور سىمون كرىستىيان راشمان (Simone-Christiane Rashman) قاتارلىقلار ياردەملىشىپ، ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى، ئۇلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

① ۋاڭ گوۋېي: «گۇيفاڭ، خۇنيى، شيەنيۈنلەر ھەققىدە تەتقىقات»- «گۇەنتاڭ توپلىمى» 2- قىسىم، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى 1958- يىلى نەشرى 583-، 606 - بەتلەر.

② بۇ ماقالىدە تىلغا ئېلىنغان «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»غا مۇناسىۋەتلىك جايلار روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئورنىنىڭ سانكت پېتېربۇرگ شۆبىسىدە ساقلانغان. (Санкт-Петербургский филиал Института востоковедения РАН) روسىيىلىك ئالىم تۇگۇشېۋا ئېلان قىلغان (ТугушеваЛ.Ю.: Уйгурская Версия Биографии Сюань-Цзана, Москва, “Наука”, Главная Редакция Востчной Литературы, 1991) غا قاراڭ. قەدىمكى ئۇيغۇرچە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نىڭ باشقا قىسىملىرى ئۈچۈن «قەدىمكى ئۇيغۇرچە شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نىڭ فاكسىمىلىغا قاراڭ، 1951- يىلى، بېيجىڭ. پارىژ گۇيمېت ئاسىيا سەنئەت مۇزېيى (Musée national des Arts asiatiques-Guimet, Paris)دا ساقلانغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» پارچىلىرىنىڭ پىلاستىنكا نۇسخىسى.

③ خۇيلى، يەن سۇڭجې، سۇن مىنتاڭ ئىزاھلىغان «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» (يۇ داۋشۈەن يېزىپ، فەن شياڭيۇڭ شەرھلىگەن «ساكيامونى تەزكىرىسى» بىرلەشمە نۇسخا) «ئىزاھات» جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 2000- يىلى نەشرى، 1- 2 - بەتلەر.

④ قەدىمكى ئۇيغۇرچە نۇسخىسىدا ئېنىق يېزىلغان ۋاقتى ساقلانمىغان، گابائىن خانىم ئۇنىڭ تەرجىمە قىلىنغان ۋاقتىنى كېيىنكى تاڭ يەنى 10- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دەپ قارىغان، قاراڭ:

. *Gabain A.von* Die Uigurische Übersetzuŋ der Biographie Hüen-tsaŋs, SPAW, 1935, Berlin, s.152—153

فېڭ جيا شېڭ ئەپەندى بولسا ئۇنىڭ تەرجىمە قىلىنغان ۋاقتىنى شىمالىي سۇڭ دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ دەپ قارىغان. فېڭ جياشېڭنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ‹شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى› ھەققىدە تەتقىقات دوكلاتى»

www.uyghurkitap.com



«ئارخېئولوگىيە مەخسۇس ژۇرنىلى» C نۇسخا 1ـ نومۇر. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرى، 1953ـ يىل؛ يەنە شۇ كىشىنىڭ ماقالىلەر توپلىمى «فېڭ جياشېڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 1987ـ يىلى نەشرى 373ـ 413 ـ بەتلەر. تۈگۈشىۋانىڭ قارىشىچە، قولىيازمىنى ئىنچىكە تەتقىق قىلغاندا، بۇ تەرجىمە قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى يەنى مىلادىيە 850ـ ۋە 1250ـ يىللار ئارىلىقىدا قىلىنغان. ئۇ يەنە ھازىر ساقلانغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» ئەسلى تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ ئۆزى ئەمەس دەپ قارىغان (2ـ ئىزاھاتتىكى كىتابنىڭ 24ـ بېتىگە قاراڭ). روسىيىلىك ئالىم رادلوف شۇ تەرجىمان تەرجىمە قىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يەنە بىر بۇددا نومى «ئالتۇن ئۆڭلۈك يارۇق يالتىراقلىق قوپتا كۆتىرىلمىش نوم ئىلىكى ئاتلىق نوم بىتىك»نى تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تىلى گراماتىكا ۋە سۆزلۈك جەھەتلەردىن 8 ـ 9ـ ئەسىرلەردىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مانى دىنىغا ئائىت ۋەسىقىلەرگە بەكلا ئوخشايدۇ دەپ قارىغان. قاراڭ: *РадловВ.В., СЕМалов..*: Suvarnaprabhāsa(Сутра Золотого Блеска), Текст Уйгурской Версии, T.I—II, Санктпетербург, 1913, стр.XIV-XV گېرمانىيىلىك ئالىم پېتېر زىممىنىڭ قارىشىچە، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئالتۇن يارۇق»نىڭ تەرجىمە قىلىنغان ۋاقتى مىلادىيە 10ـ ئەسىر ئىكەن. قاراڭ: *П. Циме,* О Второй главе сутры <Золотой блеск>, Turcologica, издательство “наука”, Ленинградское отделение, Л., 1986, стр.341-347 خامىلتون بولسا بۇ كىتابنىڭ تەرجىمە قىلىنغان ۋاقتىنى 11ـ ئەسىر دەپ قارىغان. قاراڭ: *Hamilton J,*. Les titres Sali et tutuŋ en ouigour. –Journal Asiatique, 1984, t.272, 3–4, p.425–437 بۇ ماقالىدە گابائىن خانىمنىڭكى ئاساس قىلىندى. قەدىمكى ئۇيغۇرچە «ئالتۇن يارۇق» ھەققىدىكى تەتقىقات ئەسەرلىرىدىن پېتېر زىممىنىڭ *Peter Zieme*, Altun Yaruq Sudur , Vorworte und das erste Buch(Berliner Turfantexte XVIII), BREPOLS, Turnhout, Belgium, 1996; *Ceval Kaya*, Uygurca Altun Yaruq(Giris, Metin ve Dizin), Ankara, 1994 قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

⑤ جى شيەنلىن قاتارلىقلار «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسىگە ئىزاھ» جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 1985ـ يىلى نەشرى، 110ـ 113ـ بەتلەر

⑥ قەدىمدە كىيىمنىڭ پېشى بورا يەڭ دەپ ئاتىلاتتى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خۇاشيالىقلار چاپاننىڭ پېشىنى كۆكرەك ئالدىدىن ئېتىدىغان بولۇپ، سول پەش ئوڭ پەشنى بېسىپ تۇراتتى ۋە ئوڭ قولتۇق تەرەپتىن ئىزمىلىناتتى؛ ئەمما شىمالدىكى مىللەتلەر بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە ئوڭ پەش سول پەشنى بېسىپ تۇرىدىغان بولۇپ، سول تەرەپ قولتۇق ئاستىدىن ئىزمىلىناتتى، شۇڭا «چاپاننى سول تەرەپتىن ئىزمىلايدىغانلار» دېيىلەتتى. خېلو ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىكى لوخې دەرياسىنىڭ ئەتراپىنى كۆرسىتىدۇ؛ قەدىمكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خۇاشيا تەۋەسىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى چاچلىرىنى چوققىسىغا تۈگۈۋالاتتى، ئەمما شىمالدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى چاچلىرىنى قويۇۋېتىپ، خۇاشيالىقلار بىلەن پەرقلىنىپ تۇراتتى، شۇڭا ئۇلار «سالۋار چاچلىقلار» دېيىلەتتى، سالۋار چاچ دېيىلگەندە، چاچنى ئارقىغا تاشلاش ياكى مۈرە ياكى دولىسىغا تاشلاپ، چاچنى بىر تۈگۈچ بىلەن تۈگۈۋېلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئەلۋەتتە قەدىمكى شىمالدىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش ئەمەس ئىدى، يەنە چېچىنى تاراپ ئۆرۈۋالىدىغان ۋە قىرقىۋېتىدىغان ئادەتلىرىمۇ بار ئىدى.

⑦"獵狁"بەزىدە "獫狁"مۇ دېيىلىدۇ

⑧ «فېڭ»، ھازىرقى شەنشىدە، رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە جۇ ۋېنۋاڭ يى مۇشۇ جايدا تۇرغان ئىكەن. خاۋ، غەربىي جۇ سۇلالىسىنىڭ مەركىزى، ھازىرقى شىئەننىڭ غەربىي شىمالىدا. «ئاۋازلىق ئوق» قەدىمدە شىمالدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىشلەتكەن ئوق باشقىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭدا يا ئوقىغا تۆشۈك تېشىلگەن كىچىك سۆڭەك شارچە ئورنىتىلىدۇ. بۇ خىل ئوق ئېتىلغاندىن كېيىن ۋىژىلدىغان ئاۋاز چىقىرىپ، دۈشمەننى ساراسىمىگە سېلىۋېتىدۇ.

⑨ «ئوتتۇرا ئىقلىم» دېگەن ئاتالغۇ غەربىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە كۆرۈلگەن بولۇپ، قەدىمدە خۇاشيالىقلار ئۆزلىرى ياشىغان رايوننى «ئوتتۇرا ئىقلىم» دەپ ئاتاپ، تۆت تەرەپتىكىلەرنى «مەن»، «يى»، «رۇڭ»، «دى» دەپ

ئاتاشقان.

⑩ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 123 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ 6 - يىلى)، خەن سۇلالىسىنىڭ ئۇلۇغ سانغۇنى ۋېي چىڭ قوشۇن باشلاپ 匈奴لارغا زەربە بەرگەن؛ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 121 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ 2 - يىلى) خەن سۇلالىسىنىڭ ھارۋا ئاتلىقلار سانغۇنى خو چۈبىڭ قوشۇن باشلاپ لۇڭشىدىن چىقىپ 匈奴 لارغا زەربە بەرگەن. چۆللۈك، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئومۇمەن موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى چوڭ قۇملۇقنىڭ شەرقىدىن جۇڭغار ئويمانلىقىغىچە بولغان رايونلارنى كۆرسىتەتتى. قومۇق، خانگاي تاغلىرى ئەتراپىنى كۆرسىتەتتى. مىلادىيە 629 - يىلى (جېنگۇەننىڭ 3 - يىلى) تاڭ تەيزۇڭ لەشكىرى دىۋاننىڭ دىۋان بېگى لى جىڭنى 100 مىڭ كىشلىك قوشۇن بىلەن ئەۋەتىپ تۈركلەرنى قاتتىق مەغلۇب قىلغان.

⑪ يۇ، رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، يىراق قەدىمكى زاماندىكى قەبىلە بولۇپ، پەقەت يۇ ئۇرۇقىلا باركەن، قەبىلە ئاقساقىلى شۇن.

⑫ خۇيلى، يەن سۇڭجې، سۇن مىنتاڭ ئىزاھلىغان: «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 2000 - يىلى نەشرى، 139 - بەت.

⑬ «قەدىمكى ئۇيغۇچە شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» فاكسىمىل نۇسخا، 1951 - يىلى، بېيجىڭ، 23 - بەت

⑭ *РадловВ.В., С.Е.Малов*:Suvarnaprabhāsa(Сутра Золотого Блеска), Текст Уйгурской Версии, T.IX-X, Санктпетербург, 1917, стр.673-674.

⑮ «قەدىمكى ئۇيغۇرچە شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» فاكسىمىل نۇسخا، «نەشرىياتتىن» 1951 - يىلى، بېيجىڭ

⑯ 1995 - يىلى مەن فرانسىيىگە بېرىپ چەتئەلدە تارقىلىپ يۈرگەن دۇنخۇاڭ ۋە تۇرپان ۋەسىقىلىرى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئىزدىدىم، پېقىرنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، گۇيمېت ئاسىيا سەنئەت مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «شۈەنزەڭنىڭ تەرجىمىھالى»نىڭ قولىيازمىسىنىڭ كۆپ قىسمى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 3 - ۋە 9 - جىلدلىرى بولۇپ، يەنە ئەينى چاغدا تەتقىق قىلىنمىغان 27 - بېتىمۇ بار ئىكەن.

*Тугушева Л.Ю.*: Уйгурская Версия Биографии Сюань –Цзана, Москва, “Наука”, Главная Редакция Востчной Литературы, 1991. стр.3-25

⑰ بۇ يەردىكى چوڭ يېزىلغان لاتىن ھەرپى ئەسلى ئەسەرنىڭ جىلد سانىنى، ئەرەپ رەقىمى بولسا بەت سانىنى بىلدۈرىدۇ؛ قەدىمكى ئۇيغۇرچە يېزىلىشىدا بېرىلگەن ئەرەپ رەقىمى بولسا ئەسلى ئەسەرنىڭ قۇر رەت نومۇرىنى كۆرسىتىدۇ، سول تەرەپتىكىسى بولسا «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»دىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار. تۆۋەندىكىلىرىمۇ ئوخشاش، تەرجىمىدىكى تىرناق ئىچىگە ئېلىنغانلىرى ئاپتور تەرىپىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىرى.

⑱ بۇ ئابزاسنىڭ تەرجىمىسى ھەققىدە روسىيىلىك ئالىم تۇگۇشېۋانىڭ قارىشىچە، قەدىمكى ئۇيغۇرچە نۇسخىسىدىكى سۆز «oymiš yaqa» دىكى 2 - سۆز خاتا يېزىلىپ قالغان بولۇپ، ئەسلى توغرا يېزىلىشى بولسا taqa «تۇياق» بولۇشى كېرەك. 14 - ئىزاھتا نەقىل ئېلىنغان كىتابنىڭ 304 - بېتىگە قاراڭ. تەرجىمىدىكى 2 - ۋە 4 - نۇقتىدىكىسى ئەسلى نۇسخىدىكى بەلگە بولۇپ، تەرجىمىدە قالدۇرۇپ قويۇلدى.

⑲ بۇ يەرنى ئۇدۇل تەرجىمە قىلغاندا «شەھەر ۋە يەرنىڭ شاخچىلىرى» بولىدۇ.

⑳ بۇ يەردىكى ئەسلى نۇسخىدىكى **ägri uyalïq** دېگەن سۆز «مايماق ئۇۋا» دېگەنلىك بولىدۇ. روسىيىلىك تەتقىقاتچى تۇگۇشېۋانىڭ قارىشىچە، ئەسلى نۇسخىدىكى «**uya**» دېگەن سۆزنىڭ «ئۇرۇق» دېگەن مەنىسى باركەن.

㉑. بۇ يەردىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ 25 - 27 - قۇردىكى türk yočul bodun ärtiŋü kötrülti: üstünki il uluš-lar:törüsin ïčqïntï «匈奴 لارنىڭ ئورنى مىسلىسىز يۇقۇرى كۆتۈرۈلۈپ، ئۇلار چوڭ دۆلەتنىڭ قانۇنلىرىنى رەت قىلىشتى» دېگەن جۈملىنىڭ، ئەسلى نۇسخىدا ماس كېلىدىغان ئورنى يوق، قارىغاندا تەرجىمان قوشۇپ قويغان بولسا كېرەك.

㉒. *ТугушеваЛ.Ю.*: Уйгурская Версия Биографии Сюань –Цзана, Москва, “Наука”, Главная

www.uyghurkitap.com



Редакция Востчной Литературы, 1991. стр.18.

㉓ . گېرمانىيەدە ساقلانغان «مايترى سىمىت»نىڭ پارچىلىرىنى گابائىن خانىم (**Gabain, A.v.**) ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50 ـ 60 ـ يىللىرى رەتلەپ فاكسىمىلىنى ئېلان قىلغان:

: *Gabain, A.v.,*Maitrisimit,Faksimile der altturkischenVersion eines Werkes der buddhistischen Vaibhāsika-schule mit 227 Tafeln nebst 2 Beiheften,I,Wiesbaden1957,II,Berlin 1961.*Tekin Ş* . Maitrisimit Nom Bitig (Berliner Turfantexte IX), Die uigurische Übersetzuŋ eines Werkes der buddhistischen Vaibhasika-Schule, 1.Teil: Transliteration, Übersetzuŋ, Anmerkuŋen, Berlin, 1980, s.212。

شىناسى تېكىن (Şinasi Tekin) ئېلان قىلغان بۇ ۋەسىقىنىڭ 1 ـ قىسمى بۇ ۋەسىقىنىڭ ھەرپلىرىنىڭ كۆچۈرمىسى ۋە گېرمانچە تەرجىمىسى بولۇپ، 2 ـ قىسمى بولسا سۆزلۈك جەدۋىلى. «türk yočul bodun» دېگەن بۇ سۆزلۈكنى، ئۇ تۆۋەندىكىدەك كۆچۈرۈپ يازغان « tywrk ywcwl pwdwn pwqwn ”r[’] ’lpyn ’mk’kyn kysy [”]zwnynt’ twq’r » بۇنىڭ ئىچىدىكى «pwqwn» دېگەن سۆزنى شىناسى تېكىن ئۆزى كىرگۈزۈپ قويغان. روسىيىلىك ئالىم تۇگۇشېۋا شىناسى تېكىننىڭ ئېلان قىلغىنىغا ئاساسەن، گېرمانىيىدە ساقلانغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە «مايترى سىمىت»نىڭ پارچىلىرىنىڭ بۇ قىسمىنىڭ مەزمۇنىنى ئالدىنقى ئىزاھتا نەقىل قىلىنغان كىتابىنىڭ كىرىش سۆز قىسمىدا مۇنداق يازغان: ...... türk yočul bodun buğun ar[a] alpïn ämgäkin kiši ažuninta tuğar «كۆچمەن تۈرك خەلقى (يەنى ‹匈奴›لار ـــ ئاپتوردىن) قەيسەرلىك ۋە قىيىنچىلىق ئىلكىدە pwqwn دا ئىنسانىيەت دۇنياسىغا ئاپىرىدە بولدى» دەپ يازغان، ھەم بۇ ھەقتە دەسلەپكى تەتقىقات ئېلىپ بارغان. تۇگۇشېۋا بۇنىڭدىن باشقا ئىككى پارچە قىسقا ماقالىسىدە ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى تونۇشتۇرغان بولغاچقا بۇ يەردە تەكرارلىمايمىز. پېقىر 1995 ـ يىلى بېرلىندا تەكشۈرۈشتە بولغان ۋاقتىمدا، بېرلىن مۇزېيىدا ئۇنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى كۆرگەندە، ئەسلى نۇسخىسىدا (نومۇرى: Mainz988 Seite2) خېلى كۆپ كەمتۈكلۈكنى بايقىغان ئىدىم، ئۇ ئىككى پارچە بولۇپ كەتكەن بولۇپ، türk yočul bodun «كۆچمەن چارۋىچى تۈرك خەلقى» دېگەن يەرنىڭ ئارقىسى كەمتۈك (يەنى ئۇلى تەرەپتىكى كەمتۈك ئورۇن) ئارقىسى «...ara alpïn...» دەپ باشلانغان. كەمتۈك قىسمىدا دەل شىناسى تېكىن قوشۇپ قويغان«pwqwn» دېگەن سۆز باركەن. ئەگەر كەمتۈك ئورۇننى راستىنلا «pwqwn» دەپ ئەسلىگە كەلتۈرسەك، ئۇ ھالدا بۇ بەتتىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى پارچىنىڭ مەزمۇنىنىڭ يوشۇرۇن مەنىسى ناھايىتى قىزىقارلىق بولۇشى مۇمكىن. سەھىپە چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، پېقىر بۇ ھەقتە ئېلان قىلماقچى بولغان ماقالەم «گېرمانىيىدە ساقلانغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹مايترى سىمىت› تىكى [pwqwn] سۆزى ھەققىدە تەتقىقات»تا مەخسۇس مۇشۇ ھەقتە توختالغان. شۇنداق بولغان بولسىمۇ لېكىن پارچىدا بىز ئۇچۇن türk yočul bodun «كۆچمەن چارۋىچى تۈرك خەلقى» دېگەن سۆز ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن بولۇپ، بۇ مۇقىم سۆز بىرىكمىسىنىڭ بەلكىم باشقا بىر خىل دەلىلى ياكى پەيدا بولۇشىنىڭ ئالاھىدە تىل مۇھىتى بولۇشى مۇمكىن.

㉔ *Тугушева Л.Ю*: Уйгурская Версия Биографии Сюань-Цзана, Москва, “Наука”, Главная Редакция Восточной Литературы, 1991. стр.96.

㉕ *РадловВ.В., МаловС.Е.*: Suvarnaprabhāsa(Сутра Золотого Блеска), Текст Уйгурской Версии, T.IX-X, Санктпетербург, 1914, стр.673.

㉖ بۇ بەتتىكى 3 ـ ئىزاھتىكى كىتابىنىڭ 68 ـ بېتىگە قاراڭ.

㉗ «جۇنامە» 50 ـ جىلد «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 2 ـ قىسىم، 907 ـ 908 ـ بەتلەر.

㉘ «يېڭى تاڭنامە» 142 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» I جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 6111 ـ 6112 ـ بەتلەر.

㉙ «كىتابلار جەۋھىرى» 958 ـ جىلد «يات ئەللەر تەزكىرىسى» جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 12 ـ قىسىم، شاڭخەي، 1960 ـ يىلى نەشرى 11277 ـ بەت

㉚ «يېڭى تاڭنامە» 215 ـ جىلد، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 10 ـ قىسىم، 6028 ـ بەت

㉛. *Малов С.Е.* Памятники Древнетюркской Письменности, Издательство Академии Наук СССР,

М-Л., 1951. стр.56-61.

㉜ خۇيلى، يەن سۇڭجې، سۇن مىنتاڭ ئىزاھلىغان: «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» (يۈ داۋشۈەن يېزىپ، فەن شياڭيۇڭ شەرھىيلىگەن «ساكيا مۇنى تەزكىرىسى» بىرلەشمە نۇسخا) «ئىزاھات» جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 2000 - يىلى نەشرى، 139 - بەت.

㉝ فاڭ شۈەنلىڭ: «جىننامە» جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 4- قىسىم، 2486- بەت.

㉞. *Bazin L.* Un texte proto-turc du IV-e siecle, Le distique Hioηnou du 〈Tsou-chou〉, Oriens,1948;*Gabain A.v.*Hunnisch-turkische Beziehuηen; *Pulleyblank E.G.* The consonantal system of old Chinese,PartII,Asia Major, ed. B.Schindler, Neue Series.1962. Vol.IX. Part 2

(پەن ۋۇيۇن، شۇ ۋېنكەن «يىراق قەدىمكى زامان خەنزۇ تىلىنىڭ ئۈزۈك تاۋۇش سىستېمىسى»غا قاراڭ، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 1999- يىلى)

*Sencer D.*,.Beyond the Hunnic Couplet, Central Asiatic Journal, 48/2(2004), pp.185-191.

㉟ *Тенишев Э.Р*, Язык Гуннов, Тюркские Языки, Издательский Дом “Киргизстан”, Бишкек 1997, стр. 52-54.

㊱ *Шервашидзе И.Н.*, Формы Глагола в Языке Тюркских Рунических Надписей, Мецниереба, Тбилиси, 1986, стр.3-11.

㊲ بەزى تىلشۇناسلار ئىنسانلارنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى بايان قىلىش جەھەتتە بەكلا ئالدىغا كەتكەن، مەسىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىلىق تىلشۇناس ئىللىچ سۋىتىچ (Иллич-Свитыч В.М.) باشچىلىقىدىكى ئالىملار «نوستراچىك تىل سىستېمىسى» (Ностратичекие языки) نى بېكىتتىش ۋە روسىيىلىك تىلشۇناس ئىۋانوف (Иванов Вяч. Вс.) ھەم گامكرېلىدزې (Гамкрелидзе Т. В.) ئىككىيلەننىڭ ئىپتىدائىي ھىندى - ياۋروپا تىلى ۋە جەمئىيىتى ھەققىدىكى تەتقىقاتى. بۇندىن باشقا روسىيىلىك تىلشۇناس ستاروستىن (Старостин С.А.) قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىمۇ ئوخشاشلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەسىلەن «نوستراچىك تىل سىستېمىسى»نى تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ قارىشىچە، ياۋر - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ھەرقايسى تىللار ئەسلىدە تېخىمۇ چوڭ بىر تىل سىستېمىسىغا تەۋە بولۇپ، ئۇ سام - ھام تىل سىستېمىسى، ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسى، ئۇرال تىل سىستېمىسى، ئالتاي تىل سىستېمىسى، داۋوبىن تىل سىستېمىسى، كارتۋىل تىل سىستېمىسى قاتارلىق تىل سىستېمىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. رۇس تىلىدىكى Ностратичекие языки دىكى Ностратичекие دېگەن سۆز لاتىن تىلىدىكى noster «بىزنىڭ» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

(قاراڭ: Дыбо В. А. “Ностратичекие языки”, 《Лингвистический энциклопедический словарь》, М., “Советская Энциклопедия”, 1990, стр.338-339

㊳ *БаскаковН. А.*, Историко-типологическая фонология тюркских языков, “Наука”, М., стр.74; его же, Алтайская семья языков и его изучение, “Наука”, М., 1981. стр.17.его же, Тюркские язики, Издательство Восточной Литературы. М., 1960. стр. 32-61, 103-218.

㊴ *Российская Академия Наук, Институт Языкознания*, Сравнительно-историческая грамматика тюркских языков, “Фонетика”(1984), “Синтаксис” (1986), “Морфология”(1988), “Лексика”(1997), “Региональ- ная реконструкция”(2002), Москва,“Наука”.

㊵ *Тенишев Э.Р*, Язык Гуннов/Тюркские Языки,Издательский Дом“Киргизстан”, Бишкек 1997, стр.52.

تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇنجان ھېزىم

تەرجىمە تەھرىرى: ئابلىز ئورخۇن

# دەقيانۇس ھەققىدە ئىككىلىك سۆز

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر
(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن)

دەقيانۇس ــ شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ نەزىرىدىكى قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردىكى پادىشاھ. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئۇ شىنجاڭدا ئەڭ بۇرۇن خانلىق تەختتە ئولتۇرغان ئادەم ئىكەن①. ئىدىقۇت شەھىرى②، كاشغەر③، ئاقسۇنىڭ قارايۇلغۇن دېگەن يېرىدىكى دەقيانۇس شەھىرى خارابىسى④ ۋە ئۈرۈمچى⑤ قاتارلىق شەھەرلەرنى دەقيانۇس بىنا قىلغان، دەپ رىۋايەت قىلىپ كېلىشكەن⑥. خەلق ئارىسىدا ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بايان قىلغاندا «دەقيانۇسنىڭ زامانىسىدا» دېگەن تۇراقلىق سۆزنى ئىشلىتىش ئەنئەنىگە ئايلانغان. دەقيانۇس مەشھۇر خان بولۇپ نامى تىللاردا داستان بولغان. «دەقيانۇس ۋە يەتتە يىگىت» ناملىق رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە: «قەدىمكى تۇرپاندا دەقيانۇس دېگەن بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن، ئۇنىڭ پايتەختى يارغول شەھىرى ئىكەن، دەقيانۇسنىڭ زامانىسىدا ناھايىتى مەمۇرچىلىق بولۇپ، قازانمۇ ياغ، چۆمۈچمۇ ياغ، بازاردىن توخۇنىڭ سۈتىدىن باشقىسىنى تاپقىلى بولىدىكەن، دەقيانۇس يۇرتنى مۇنداق ئادىل سوراپ، مەملىكىتىدە باياشاتچىلىقنى پەيدا قىلغانلىقىغا تولىمۇ خۇشاللىنىدىكەن»⑦ دېيىلگەن بولسا، «دەقيانۇس ۋە خان ئۆي» ناملىق رىۋايەتتە: «ئۆز زامانىسىدا چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا ـ تىجارەت ئىشلىرى، تۆرمۈش قاتارلىق ئىشلىرى تەرەققىي قىلىپ، روناق تېپىپ تەڭدىشى يوق بىر دۆلەتكە ئايلىنىپتۇ»⑧ دېيىلگەن. «ئەسھابۇلكەھب مازىرى ھەققىدە» ناملىق بىر رىۋايەتتە، دەقيانۇسنىڭ ئەسلى بىر پادىچى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ يوشۇرۇن بىر خەزىنىگە ئۇچراپ ئۇنىڭ شارابىتى بىلەن پادىشاھ بولغانلىقى، تۇرپاندىكى ئەسھابۇلكەھب مازىرى ئەنە شۇ دەقيانۇس بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى تەسۋىرلەنگەن⑨. خەلق ئارىسىدا تارقالغان يەنە بەزى رىۋايەتلەردە ئافراسىياپ بىلەن دەقيانۇس بىر ئادەم دەپمۇ ھېسابلانغان⑩.

خەلق ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى قاراشلارنىڭ ئىنكاسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن دەۋرىمىزنىڭ شائىرلىرىدىن بىرى مۇنداق شېئىر يازغان:

نەسلىمىز دەقيانۇسنىڭ زاتىدىن،
ياشىغان ئۇشبۇ زېمىندا شىر سۈپەت.
سالدۇرۇپ مەزمۇت شەھەر، مەدرىس، ساراي،
شان بىلەن تارىختا ئاچقان يېڭى بەت.

بۇ كۇبلېتتىكى دەقيانۇس ئاتالغۇسىغا شائىر مۇنداق يەشمە بەرگەن:

دەقيانۇس— تۇرپان خەلق رىۋايەتلىرىدىكى ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرىنى بىنا قىلغان پادىشاھ. يەرلىك خەلق كونا ۋە قەدىمكى شەھەرلەرنى «دەقيانۇسنىڭ ۋاقتىدىكى نەرسىكەنغۇ!» دېيىش ئارقىلىق ئۇ نەرسىنىڭ تولىمۇ كونا، قەدىمكى نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ[11].

دەقيانۇس توغرىلىق شىنجاڭدا يازما خاتىرە قالدۇرغان دەسلەپكى ئاپتور مۇھەممەت سادىق كاشغەرى بولۇپ، ئۇ «تەزكىرەئى ئەسھابۇلكەھب» ناملىق ئەسەردە تۇرپاندىكى «ئەسھابۇلكەھب» غارىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلغاندا، ئۇنىڭ دەقيانۇس بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا خاتىرە قالدۇرغان[12]. ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە، دەقيانۇس باشقا دىندىكى ئادەم بولۇپ، خۇدالىق دەۋاسى قىلغان، ئەمما ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان باشقا كىشىلەر، جۈملىدىن ئىسيانكار يەتتە يىگىت ئۇنىڭ خۇدالىق دەۋاسى قىلىشتەك قاپ يۈرەكلىكىگە قارشى ھەرىكەت قىلغانلىقى ۋە دەقيانۇسنىڭ ئۇلارنى ئەدەپلەش ئۈچۈن تولىمۇ قاتتىق يول تۇتقانلىقى بايان قىلىنغان.

دەقيانۇسنىڭ تەۋەلىكى جەھەتتە ئوخشىمىغان قاراشلار ساقلانغان. مۇھەممەت سادىق كاشغەرى بۇ توغرىلىق توختىلىپ: دەقيانۇس...... ئەينى زاماندا رۇم شەھىرىگە پادىشاھ بولۇپ، خۇدالىق دەۋاسى قىلغان، ئەمما مەشھۇر كىتابلاردا، دەقيانۇس ئەسلىدە پادىشاھ ئىدى، دەپ بايان قىلىنىدۇ، بولۇپمۇ «تارىخى تەبەرى»دە نەقىل كەلتۈرۈلىشىچە، دەقيانۇس يۇنان پادىشاھلىرىدىن ئىدى ... «تەپسىر ھۆسنى»دە نەقىل كەلتۈرۈلىشىچە، رۇم مەملىكىتىنى دەقيانۇس بويسۇندۇرغاندىن كېيىن تاكى «ئەفسۇس»[13] شەھىرى بىنا بولغانغا قەدەر، دەقيانۇس ئۇ يەردە تاختىلارنى ياسىتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇتلارنى ئولتۇرغۇزۇپ، ئەفسۇس شەھىرىنىڭ خەلقىنى بۇتقا سەجدە قىلىشقا مەجبۇرلىغان. ئۇنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ بۇتقا سەجدە قىلغان خەلق ھالاكەتتىن ئامان قالغان. كىمكى ئۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلمىسا، شۇ كىشى ئۆلتۈرۈلگەن. ئالتە نەپەر جاھان كەزگۈچى يىگىت شۇ شەھەرنىڭ مەشھۇر، ئۇلۇغ ۋە ئىسىل نەسەبلىك كىشىلىرىدىن ئىدى. ئۇلار خىلۋەت جايدىن ماكان تۇتۇپ، دۇئا ۋە مۇناجاتلار بىلەن مەشغۇل بولغان، تەڭرىدىن زالىم دەقيانۇسنىڭ شەھرىدىن ئۆزلىرىنى ئامان-ئېسەن قىلىشنى تىلىگەن، ئۇلارنىڭ دۇئالىرى ئىجابەت بولغان، دەپ يازغان[14].

گېرمانىيىلىك سەيياھ ئالبېرت فون لېكوك ئىدىقۇت شەھىرى توغرىلىق توختىلىپ «دەقيانۇس شەھىرى» دېگەن نامنىڭمۇ بارلىقى ھەققىدە ئۇچۇر بەرگەن[15]. بۇ قاراشنى باشقا ئىلمىي خادىملارمۇ تىلغا ئېلىپ كەلمەكتە[16]. ئالبېرت فون لېكوك يەنە ئىزاھلاپ دەقيانۇس شەھىرى خىرىستىيانلارغا زىيانكەشلىك قىلغان رىم پادىشاھى دەقىئۇس (Decius) نىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. دەقىئۇس ( تەخمىنەن 201~251- يىللار ) رىم پادىشاھى بولغان. 249- يىلى تەختكە چىققان رىم، ئېروسالىم، ئانتىئو (Antioch) ئېپىسكوپلىرىنى ئۆلتۈرگەن، دەپ يازغان. يۇقىرىقى قاراش بويىچە، دەقيانۇسنىڭ ئەسلى رىم پادىشاھى

ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ئەمما بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ ئىسىم ئەسلى شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى مەلۇم بىر خەلقنىڭ نامىدىن كەلگەن بولسا كېرەك، دەپ قارايدۇ. مەسىلەن: تارىخچى ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى مۇشۇ نام-ئاتاق توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: خەنزۇچە ۋە گرېكچە قەدىمكى خاتىرە ۋە تارىخىي مەنبەلەردە يېزىلىشىچە، ھازىر جۇڭغار (جۇۋاڭغىر-ئۇلۇك قانات) ھەم ئېرتىش، ئىدىل ۋادىلىرىدا «تىغراق قويان» (خەنزۇچە «دىڭلىڭ»، يۇنانچىدا «تىگراخودەيان») خەلقى ياشىغان. يۇنانچە تەلەپپۇز تىلدىن تىلغا، كىتابتىن كىتابقا كۆچۈرۈپ يۈرۈپ «دەكىيانۇس» (‹س› ياۋروپا تىللىرىدا كۆپلۈك قوشۇمچىسى ‹لار›) بولۇپ كەتكەن. خەنزۇچىدىكى «دىڭلىڭ» (丁零) شۇ زاماندىكى خەنزۇ تىلى تەلەپپۇزى بويىچە «تىگرەك» دەپ ئوقۇلاتتى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2-ئەسىرلەردە «قوش قويان» («جۈيشى گويەن»-车师后部 — نەقىلچىدىن) دەپ ئاتىلىپ، بارا-بارا بۇ نام «قوچو» (گاۋچاڭ-高昌) دەپ ئىخچاملانغان⑰.

دېمەك، بۇ قاراشقا ئاساسلانغاندا، دەقيانۇس دېگەن ئاتالغۇ تۇرپان ۋادىسىدا ياشىغان قەدىمكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ تىلىدىن كەلگەن ئىسىم بولۇپ، ئۇ دەقيانۇستا ھۆرمەت ۋە چوقۇنۇشنىڭ مۇئەييەن تارىخىي ئاساسىي بارلىقىنى پەرەز قىلىشقا مۇمكىنچىلىك بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ چەت ئەللىك دېيىلىپ قېلىشى، نام جەھەتتە يېقىنلىشىپ قالغانلىق ئەھۋالىغا قاراپ، يەنە بىر جەھەتتە، شىنجاڭدا دىنىنىڭ ئالمىشىشى بىلەن كۆرۈلگەن ئېتىقاتتىكى پەرق سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ تولۇقلىما بېرىش تارىخىي قاراشتىن چەتنەپ كېتەلمىسە كېرەك.

ئىزاھلار:

① «دەقيانۇس شەھىرى ھەققىدە رىۋايەت» قاتارلىقلارغا قارالسۇن. بۇ رىۋايەت 1975-يىللىرى خەلق ئارىسىدىن توپلانغان، ئوسمان قاسىم قاتارلىقلار سوزلەپ بەرگەن، «تارىم» ژۇرنىلى 2006-يىلى 12-سان 141-بەت.

② روسىيىلىك س. ف. ئولدىنبۇرگ: «روسكايا تۇركىستانسكايا ئېكسپېدىتسىيە 1909-1910-يىللار» «1941-يىل نەشرى» ناملىق ئەسىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىقۇت پادىشاھلىقىنى «دەقيانۇس زامانى»، ئىدىقۇت شەھرىنى «دەقيانۇس شەھرى» دەپ ئاتايدىغانلىقى ھەققىدە ئۇچۇر بەرگەن. بۇ ھەقتە ب. ئەرشىدىنوۋنىڭ «ئۇيغۇر كلاسسىكلىرى ئىجادىيىتىدە داستان ژانىرى» ناملىق كىتابىنىڭ 109-بېتىگە قارالسۇن، بۇ كىتاب ئالمۇتا يەن نەشرىياتى تەرىپىدىن 1988-يىلى نەشر قىلىنغان.

③ «دەقيانۇس ۋە مەلىكە»، «دەقيانۇس ۋە خان ئۇيي» قاتارلىق رىۋايەتلەرگە قارالسۇن. ئۇلار 1975-يىللاردىن كېيىن خەلق ئارىسىدىن توپلانغان.

④ «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1999-يىللىق 3-سانىنىڭ 49-بېتىدىكى دەقيانۇس شەھىرى خارابىسى توغرىسىدىكى ئۇچۇرغا قارالسۇن.

⑤ «دۆل تاغ ھەققىدە»، «ئانا قوۋۇق ھەققىدە» قاتارلىق رىۋايەتلەرگە قارالسۇن. بۇلار

www.uyghurkitap.com

«ئۈرۈمچى تيانشان رايونى خەلق چۆچەكلىرى» توپلىمىغا كىرگۈزۈلۈپ، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1994 - يىلى نەشر قىلىنغان.

⑥ يۇقىرىقىلاردىن باشقا جايلاردىمۇ دەقيانۇس نامىغا مۇناسىۋەتلىك جاي نامىلىرى بار. مەسىلەن: كۇچا - باي تەۋەسىدە قاراقوشيار دېگەن بىر يەر بولۇپ، ئۇ يەنە دەقيانۇس تۈرى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

⑦ «دەقيانۇس ۋە يەتتە يىگىت»، مەھمۇدجان مۇھەممەت توپلاپ رەتلىگەن، قولىيازما، 1998 - يىلى 17 - ماي.

⑧ «دەقيانۇس ۋە خان ئۆي»، ئەنۋەر ئوسمان توپلاپ رەتلىگەن، قولىيازما، 1996 - يىلى 24 - فېۋرال.

⑨ بۇنىڭ دىلمۇرات ئابلىز رەتلىگەن نۇسخىسى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2000 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

⑩ «دەقيانۇس شەھىرى ھەققىدە رىۋايەت» قاتارلىقلارغا قارالسۇن. بۇ رىۋايەتنى 1975 - يىللىرى ئوسمان قاسىم قاتارلىقلا سوزلەپ بەرگەن، «تارىم» ژۇرنىلى 2006 - يىلى 12 - سان 151 - بەت.

⑪ ئەكبەر نىياز پەتتارى: «نازىركوم قىسسىسى»، «قومۇل ئەدەبىياتى» 2003 - يىلى 1 - سان، 16 - ، 21 - بەتلەر.

⑫ بۇ ئەسەر ئەركىن ئىمىنىنىياز قۇتلۇق، ئەھمەد ئەسەيدۇللانىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەت قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى تەرىپىدىن 1994 - يىلى بېسىلغان.

⑬ ئەفسۇس: «تارىخى ھەمىدى»دە تەرسۇس دەپ ئاتىلىپ، تەرسۇس شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى بىر تاغدا «ئەسھابۇلكەھب» (غارى) بار، دېيىلگەن. بەزىلەر بۇ يەردىكى ئەفسۇس ياكى تەرسۇس تۇرپاننى كۆرسەتسە كېرەك، دەپ قارايدۇ. «ئەسھابۇلكەھب»نى نەشرگە تەييارلىغۇچىلارنىڭ پىكرى، شۇ كىتاب، 22 - بەت.

⑭ مۇھەممەت سادىق كاشغەرى: «تەزكىرەئى ئەسھابۇلكەھب».

⑮ ئالبېرت فون لېكوك (گېرمانىيە): «شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى مەدەنىيەت بايلىقلىرى»، 84 - ، 108 - بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 - يىلى نەشرى.

⑯ مەسىلەن: تارىخچى لىيۇ گې خانىم بۇگۈنكى كۇندە تۇرپان ناھىيىسى(شەھرى)گە تەۋە قارا خوجا شەھىرى بار بولۇپ ئىدىقۇت شەھىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئادەتتە دەقيانۇس شەھىرى دېگەن نامىمۇ بار، دەپ يازغان. «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئېلىم - سېتىم ھۆججەتلىرىنىڭ تەرجىمە شەرھى» («回鹘文买卖契约译注»)، جوڭخۇا نەشرىياتى 2006 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، بېيجىڭ، 93 - بەت.

⑰ ئىمىن تۇرسۇن: «ساياھەتنىڭ بىرىنچى مەنزىلىدە»، «تۇرپان» ژۇرنىلى، 1981 - يىلى 2 - سان، 7 - بەت.

www.uyghurkitap.com

# يېتۈك سەنئەتكار، تونۇلغان دارۋاز ــ ھاشىم ھاجى

مۇھەممەت شاۋۇدۇن
(ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن)

(بېشى ئالدىنقىساندا)

ئۇنىڭ دېيىشىچە، شۇ قېتىمقى مۇسابىقىدىكى مۇۋەپپەقىيەت دارۋازلىقنىڭ تېخىمۇ تونۇلۇپ، تېخىمۇ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە بولۇشىغا كۈچلۈك تۈرتكە



1982 ـ يىلى كۆكخوتتىكى دار ئويۇنىدىن كۆرۈنۈش

بولغان. «مىللەتلەر رەسىملىك ژۇرنىلى»نىڭ 12 ـ سانىنىڭ ئاخىرقى مۇقاۋىسىغا نۇراخۇننىڭ دار ئۇستىدىكى كۆرۈنىشى، ئۇنىڭغا كىرىشتۈرۈپ سىدىق ھاشىمنىڭ تۆۋەندە ئاسمانغا قاراپ سۇناي چېلىۋاتقان كۆرۈنىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رەڭلىك سۈرەت تولۇق بىر بەت قىلىپ بېرىلگەن. بۇنىڭدىن سىرت شۇ ژورنالنىڭ 35 ـ بېتىدە سىدىق ھاشىم، نۇراخۇن قىسقىچە تونۇشتۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ دار ئوينىغان نەق مەيداندىن تارتىلغان ئىككى پارچە سۈرىتى بېرىلگەن.

جۇڭگو سېرىكچىلەر جەمئىيىتى سىدىق ھاشىمنىڭ ئۇيغۇر دارۋازلىق مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىگە بىر ئۆمۈر سىڭدۈرگەن ئەجرى ۋە تۆھپىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، 1992 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئات كۈمۈش لوڭقا بىلەن مۇكاپاتلاپ ئالاھىدە ھۆرمەت بىلدۈرگەن. شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، سىدىق ھاشىم يالغۇز دارۋاز بولۇپلا قالماي، كۆپكە ماھىر يېتۈك سەنئەتكار، ئۇ دادىسىنىڭ تەربىيىسىدە سېرىك، جانبازلىقنى ئۆگەنگەندىن تاشقىرى يەنە نەي، داپ، سۇناي قاتارلىق سازلارنى چېلىشنى ئۆگەنگەن. ئۇ دادىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىبراھىم قارى، ئابدۇرېھىم ئاخۇن ساتارچى قاتارلىق تۆت كىشى بىلەن ئاقسۇغا بېرىپ، 1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن 1934 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە ئاقسۇدا ئېچىلغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۇرسىدا تەربىيىلىنىپ،



ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى سەنئەت ماھارىتىنى تېخىمۇ تولۇقلاش بىلەن بىللە كۆپ خىل سەنئەت ماھارىتىنى ئىگىلىگەن. كۇچاغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پېشقەدەم ئەلنەغمىچىلەردىن 27 كىشىنى يىغىپ، ئۆزىنىڭ ئاقسۇدا ئۆگەنگەنلىرىنى ئۇلارغا دەرس قىلىپ سۆزلەپ ئۇلارنى تەربىيىلىگەن. شۇ ئاساستا بىر تىياتىر گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ كۇچادا تىياتىرچىلىقنىڭ ئۇلىنى قۇرغان. ئۇلار



سىدىق ھاشىم ياشلارنى تەربىيىلىمەكتە

تەرەققىيپەرۋەرلىكنى، ئىلىم - پەننى تەشۋىق قىلىدىغان كىچىك دراممىلارنى ئويناشقا باشلىغان. سىدىق ھاشىم 1936 - يىلىدىن باشلاپ «بوزغۇنچى»، «تىترىگەك»، «يالغانچى»، «ئۆگەي ئانا»، «دەھشەتلىك بوران» قاتارلىق دراممىلاردا تاجىخان، زەيتۇنخان، ئەپەندىم، ئۆگەي ئانا، يولۇچىلارنىڭ رولىنى ئېلىپ، ئاياللارنىڭ سەھنىگە چىقىشى مۇمكىن بولمايدىغان ئاشۇ يىللاردا، دادىللىق بىلەن ئايال پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ تىياتىرچىلىقنىڭ شەكىللىنىشىگە مۇھىم تۆھپە قوشقان. ئۇ ئازادلىقتىن كېيىن «باي بىلەن مالاي» دراممىسىدا مەزىن، «توي ئۈستىگە توي»، «غۇنچەم» قاتارلىق دراممىلاردا رول ئالغان. سىدىق ھاشىم يېتۈك سەنئەتكار ھاشىم ھاجىنىڭ كۆپكە ماھىر سەنئەتكار ۋارىسى بولۇشقا مۇناسىپ.

ھاشىم ھاجى ئۆز قولى بىلەن پەرۋىش قىلغان، تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن قابىل شاگىرتلار، ئىز باسارلار يالغۇزلا سىدىق ھاشىم، نۇراخۇن قاتارلىق سەنئەتكارلارلا ئەمەس. ئەلگە تونۇلغان مەشھۇر سازەندە، كۆپلىگەن ناخشا - مۇزىكىلارنىڭ ئىجادچىسى، كومپوزىتور، سەنئەت مائارىپچىسى شېرئەلى ھاشىم ھاجى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكىنىڭ سازەندىسى ھەيدەر ئەلى، ئاپتونوم رايونلۇق ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ سازەندىسى تۇرسۇن ئەلى، ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ داڭلىق ئۇسسۇلچىسى، دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك ئۇسسۇلچى، ئۇسسۇل ئوقۇتقۇچىسى، ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىسى، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇلغان كامىل سەنئەتكار خەلچەم سىدىق (قىزى) قاتارلىقلارمۇ ھاشىم ھاجىنىڭ ھەر خىل دەرىجىدىكى پەرۋىشى، تەربىيىسى ۋە كىچىك ۋاقتىدىلا تالانتىنىڭ ئۇندۇرمىسىنى بايقاپ ئىلھاملاندۇرۇشى، يول كۆرسىتىشى بىلەن يېتىشكەن سەنئەتكارلاردۇر. ئۇ پۈتۈن بىر سەنئەتكار ئائىلىسىنى، بىر نەچچە ئەۋلاد سەنئەتكارنى يېتىشتۈرگەن. بۇ ئائىلە شىنجاڭدا كەمدىن كەم تېپىلىدىغان تىپىك سەنئەتكار ئائىلىسى، بۇ ئائىلە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ھاشىم ھاجىنىڭ ئىزىنى بېسىپ ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە.

* *

ئەتىيازنىڭ خاسىيەتلىك ئايىغى يارىشىپ،

www.uyghurkitap.com

تەبىئەت تەزنىنى تۈزەپ ياسىنىپ يېشىل ئەتلەسكە پۈركەنگەن، بىر-بىرىگە تۇتاش ئۆرۈكلۈك باغلارنىڭ ئۆرۈكلىرى تەڭلا چېچەكلەپ، ھەممە ياق ھالرەڭ ئۆرۈك چېچەكلىرىگە كۆمۈلگەن، ئېتىز-قىرلار، ئېرىق-ئۆستەڭ بويلىرى، مەھەللىلەردىكى بوۋلاقلارنىڭ ئۆپچۆرىسى يېشىل مايسىلار ۋە ئوت-چۆپلەرگە پۈركەنگەن، باغلاردىكى قىرىم-كۆلچەكلەرنىڭ بويلىرىدا مامكاپلار، بالدۇر ئېچىلىدىغان ئازغانسىمان سېرىق ئەتىرگۈل ئېچىلىشقا باشلىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھاشىم ھاجىلارنىڭ نەغمە ناۋالىق ئائىلىسى ئېغىر مۇسىبەت قايغۇسىغا چۆمدى.

1949-يىلى 10-ئاينىڭ 6-كۈنى ھاشىم ھاجىنىڭ بېشىغا كۈتۈلمىگەن چوڭ بالا-قازا كەلدى. بۇ تيەنئەنمېنىدە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى دۇنياغا جاكارلانغىنىغا ئالتە كۈن بولغان تۇنجى ھەپتىنىڭ ئاخىرقى كۈنى، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى قۇتلۇق كۈن، ھەممە يەردە شاتلىق، تەنتەنە داۋام قىلىۋاتقان خاسىيەتلىك كۈن ئىدى. شۇ كۈنى بېيجىڭدىن 5000 كىلومېتىرچە يىراقلىقتىكى قەدىمىي يۇرت كۇچادا قانلىق پاجىئە يۈز بەردى. جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ جان تالىشىۋاتقان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ كۇچادىكى ئەسكەرلىرى ھالاكەت ئالدىدا غالجىرلىشىپ، ئەل بىخارامان ئۇيقۇدا ياتقان كېچىدە كۇچا شەھىرىگە ئوت قويۇپ، ئۆيلەرگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئاھالىلەرنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى. بىگۇناھ كىشىلەرنى ۋەھشىيلەرچە قىردى. كۇچا شەھىرىنى ئوت يالقۇنى، ئىس-تۈتەك، قىيا-چىيا، يىغا-زارە قاپلاپ، ھەممىلا يەردە ۋەھىمە ھۆكۈم سۈردى.

شۇ كۈنى كۈندۈزى ھاشىم ھاجىلار كۇچا شەھىرىنى قاق ئوتتۇرىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان سايىنىڭ يۇقىرىسىدىكى كەڭ مەيداندا دار ئوينىغانىدى. مەيداندىكى نەچچە مىڭ ئادەمنىڭ كۆزى ئېگىز باغلانغان دار ئۇستىگە تىكىلگەنىدى. دار ئۇستىدە سىدىق ئاخۇن تۆۋەندە دادىسى قوۋۇزلىرىنى كۆپتۈرۈپ كۇچەپ چېلىۋاتقان سۇناي پەدىسىگە كەلتۈرۈپ مېڭىپ، پۇتىغا تەخسە تېڭىپ كۆزىنى ئېتىپ مېڭىش، ئالدى-كەينىگە مېڭىش، پۇتىنى ئالماپ مېڭىش، ئولتۇرۇپ قوپۇش، ئارقانغا مىنىش، موللاق ئېتىش، باشچىلاپ تىك تۇرۇش، بىر



سىدىق ھاشىم قىزى خەلچەم سىدىق بىلەن بىللە

پۇتلاپ مېڭىش، ھوپ تاشلاپ مېڭىش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى قىلىپ ماھارەت كۆرسىتىپ، دارنىڭ ئېگىز يېرى بولغان تاختاپەرگە قاراپ ئۆرلەۋاتاتتى. بىردىنلا مەيدان ئوپۇر-توپۇر، پاتپاراق بولۇپ، قاچە-قاچ بولۇپ كەتتى. كىشىلەر ئارىسىدا قىيا-چىيا كۆتۈرۈلدى. كىشىلەر ئۈركۈپ قاچقان پادىلاردەك تېرە-پېرەن بولۇپ، تەرەپ-تەرەپكە قېچىشماقتا ئىدى. ئەسلىدە بىر بۆلۈك گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئات چاپتۇرۇپ باستۇرۇپ كېلىپ ئوق چىقارغانىدى. ھاشىم ھاجى ئوغلى سىدىق ئاخۇننى ئارغامچا بىلەن سىيرىلدۇرۇپ داردىن چۈشۈرۈپ، ئالمان-تالمان دارنى يىغىشتۇرۇپ ئۆيىگە قايتتى.

كوچا-كويىنى ۋەھىيمە قاپلىغانىدى. كىشىلەر ئالاقزادىلىك بىلەن ئۇيان-بۇيان مېڭىشاتتى. شۇ كۈنى كېچىدە قىيامەت قايىم بولدى. كۈچا خەلقىنىڭ بېشىغا چوڭ بالايى-ئاپەت ياغدى. بىرمۇنچە ئادەملەر جىنىدىن، بىرمۇنچە ئادەملەر مېلىدىن، بىرمۇنچە ئادەملەر ئۆي-ماكانىدىن، بىرمۇنچە ئادەملەر ناكا بولۇپ كۈچ-دەرمانىدىن ئايرىلدى.

هاشىم هاجىنىڭ ئوتتۇرانچى كېلىنى يەنى شىرئەلىنىڭ ئايالى زوراخاننىڭ يەڭگىنىگە يەتتە كۈن بولغانىدى. بۇ ئۇ ئائىلىدىكىلەر ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ خوشاللىق بولغانىدى. كونىلار «تۇغۇت دېگەن بىر جەڭ» دەيدۇ. ھەقىقەتەن تۇغۇتنىڭ خەتىرى تولا. بولۇپمۇ هاشىم هاجى كېلىنىنىڭ ئامان-ئېسەن يەڭگىپ، ئوغلىنىڭ بۇ تۇنجى پەرزەنتىنىڭ تېنچ-ئامان دۇنياغا كەلگىنىگە بەكمۇ خۇشال ئىدى. ئۇ ئۆزى تەگبىر ئېيتىپ، بۇ ئاررۇلۇق نەۋرىسىگە «ئاتىكەم» دەپ ئىسىم قويۇپ بەرگەنىدى. ئۇ بۇ ئىسىمنى نۇرغۇن ئىسىملار ئىچىدىن ئالاھىدە تاللىغانىدى.

— ئاتىكە — قىز قۇياش، ئايال قەھرىمان دېگەن مەنىسى بار ئۇلۇغ ئىسىم. بۇ ئىسىم ئۇنىڭغا نىسىپ بولدى، ھەممىمىز تەبرىكلەيلى،— دېگەنىدى ئۇ نەۋرىسىنى ئىككى قولىدا ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ خۇشاللىقىدا. ئاتىكەنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئۇششاق بالا-چاقىسىز بۇ ئائىلىگە يېڭى بىر خۇشاللىق، ئۈمىد ئاتا قىلغانىدى. بولۇپمۇ سەكسەندىن ئاشقان هاشىم هاجى كۆزىنىڭ ئوچۇقىدا، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بۇ نەۋرىسىنى كۆرۈش نىسىپ بولغىنىغا بەكمۇ خۇشال ئىدى. ئۇ خۇشاللىقىدا پات-پات «ئاتىكەم قىزىم» دەپ ئىختىيارسىز ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالاتتى. بەش ۋاق نامىزىدا ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئامان-ئېسەنلىك، بەخت-سائادەت تىلەيتتى. بەزىدە قولى بىر ئىش بىلەن بەنت بولۇۋېتىپ «ئاتىكەم» دەپ ئىختىيارسىز پىچىرلايتتى. سىرتقا چىقىپ كەتسە، ئۆيگە كېلىپ ئۇنى كۆرگىچە كۆزى تۆت بولاتتى. ئۇنى تاتلىقىم، قوزام، ئالتۇنۇم، چىرىقىم، دېگەندەك چىرايلىق گەپلەر بىلەن ئەركىلەتكۈسى، قولىغا بىر ئېلىۋالسا، قولىدىن چۈشۈرگۈسى كەلمەيتتى. بۇنىڭغا ھەۋەسى كېلىپ «ۋوي ھاجىم دادا، نېمانچە قىلىپ كېتىلا» دېگەنلەرگە كۈلۈپ تۇرۇپ: —خۇدا بەرگەن قېرى ياقاندى نەۋرەم ئەمەسمۇ، بۇنى ھېچقايسىڭلارغا تەڭ قىلمايمەن،— دەيتتى...

شۇ كۈنى بىر شۇملۇقنى سېزىپ، كۆڭلى ئەنسىزلىككە چۈمگەن هاشىم هاجى خۇپتەن نامىزىنى ئۆيىدە ئۇزاق ئوقۇپ، ئەل-يۇرتقا، بالا-چاقىلىرىغا، بولۇپمۇ دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئاچقان نەۋرىسىگە قايتا-قايتا ئامان-ئېسەنلىك تىلىدى. كۆز يېشى قىلىپ ئاللاغا يېلىندى. بۈگۈن مەيداندا دار ئويناۋاتقاندا يۈز بەرگەن ئىشلار شۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمەيدىغاندەك، ئۇ تەسادىپىي ئىش ئەمەستەك، بۇنىڭ كەينىدە بىر شۇملۇق باردەك، ئەسكەرلەر ئوق چىقىرىپ، ئات چاپتۇرۇپ كەلگەندە يۈز بەرگەن پات-پاراقچىلىق، قاچە-قاچ كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپمۇ خېلىغىچە كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ يېتىپ كۆزىگە ئەمدى ئۇيقۇ ئىلىنىشىغا، دەرۋازا گۈمبۈرلىتىپ قاتتىق ئۇرۇلۇپ جالاقلاپ كەتتى. «كەينىدىن ئىشىكنى ئاچ» دېگەن دەھشەتلىك ئاۋاز ئاڭلاندى.

هاشىم هاجى ئايالى ھەمراخاننى دەرۋازىنى ئېچىپ بېرىشكە بۇيرىدى. ھەمراخان ئىچىدە ئايەت ئوقۇپ بېرىپ دەرۋازىنى ئاچتى. دەرۋازا

www.uyghurkitap.com

ئېچىلىشى بىلەن تەڭ 4~5 قۇراللىق ئەسكەر، يۈزىنى نىقاپلىۋالغان بىر كىشى غالجىر ئىتتەك ئېتىلىپلا كىردى. ئۆيدىكىلەر ئەنسىزلىكتىن ئويغىنىپ كېتىشكەنىدى. ئەسكەرلەر ئالدى بىلەن دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى هوجرىنىڭ ئىشىكىنى مىلتىقنىڭ پايىنكى بىلەن ئۇرۇپ ئاچتى. قاراڭغۇ هويلىدا شىرئەلى بىلەن يېڭى تۇغۇتلۇق ئايالى زوراخان ئىچىدە پېچىرلاپ ئايەت ئوقۇپ، كىچىككىنە كاڭنىڭ ئۈستىدە تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇشاتتى. ئەسكەرلەر قول چىرىقىنى ياندۇرۇپ، كىيىم-كېچەكنى تولۇق كىيىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن شىرئەلىنى يېرىم يالىڭاچ هالەتتە كاڭدىن سۆرەپ چۈشۈردى. شىرئەلى پەگاغا دۇم چۈشتى. بىر ئەسكەر ئۇنى تارتىپ قوپۇرۇپ، تاپانچىسىنى پېشانىسىگە تەڭلەپ:

— ئېيتە، ئالتۇن نەدە؟ — دەپ ھەيۋە قىلدى.

— ئۇقمايمەن.

شىرئەلى شۇنداق دەپ جاۋاب بېرىشىگە تاپانچا تەڭلەپ تۇرغان ئەسكەر ئۇنىڭ ئېڭىكىگە چاڭ-چۇڭ ئىككى كاچات سېلىپ قورسىقىغا تېزلىدى. بىر ئەسكەر كەينىدىن كېلىپ «ئېيتە» دەپ مىلتىقنىڭ پايىنكى بىلەن ئاچ بېقىنىغا ئۇردى. شىرئەلى «ۋايجان» دېگىنىچە پۈكلىنىپ قالدى. بۇنىڭغا چىدىمىغان ئايالى زوراخان مىلتىقنىڭ پايىنكى بىلەن ئۇرغان ئەسكەرنىڭ قولىغا ئېسىلدى. غالجىرلاشقان ئەسكەر ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ، مىلتىقنىڭ پايىنكى بىلەن زوراخاننىڭ يېرىقىنىڭ تۆۋىنىگە قاتتىق ئۇرۇۋەتتى. زوراخان «ۋايجان» دەپ قاتتىق چىقىراپ يەرگە يىقىلدى. ئىككى ئەسكەر شىرئەلىنى سۆرەپ هويلىغا ئېلىپ چىقتى. ئاڭغىچە ھەيدەر ئەلى، هاشىم هاجىلارمۇ هويلىغا ئېلىپ چىقىلىپ تۆۋرۈككە باغلاپ قويۇلغانىدى.

— ئېيتە، ئالتۇن نەدە؟

ئەسكەرلەر شىرئەلى بىلەن ھەيدەر ئەلىنى ئۇرۇپ قىيناشقا باشلىدى.

— ئۇقمايمىز.

— يوق.

ئەسكەرلەر بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ تېخىمۇ غالجىرلىشىپ، ھەيۋە قىلىپ ئىككى پاي ئوق ئاتتى. ئەسكەرلەردىن بىرى، ھەممىنى مۇشۇ قېرى بىلىدۇ، دېدى-دە، باغلاقلىق تۇرغان هاشىم هاجىغا يېپىشتى.

— ئالتۇن نەدە، ئېيتە!

.......

ئۇلار هاشىم هاجىنى سىم قامچا بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. ئاياللار قىيا-چىيا كۆتۈرۈپ نالە-زار قىلىشتى. هاشىم هاجىنى بىر هازا ئۇرغاندىن كېيىن، دۇم ياتقۇزۇپ ئۇرۇشقا باشلىدى. سىم قامچىنىڭ زەھەرلىك تىلى تاراسلاپ تەگكەن جايلار تىلىم-تىلىم بولۇپ قاناپ، كۆينەكچان بوۋاينىڭ ئۈستىدىكى كۆڭلىكى تىتىلىپ كەتتى. هاشىم هاجى قاتتىق ئىڭرايتتى. ئايالى ھەمراخان بۇ خورلۇق-ئازابقا چىدىماي، ئېغىلدىن ئۆزىلا بىلىدىغان، ئاتقا بوغۇز بېرىدىغان تۈۋرۈكدىكى بوغۇزنىڭ تېگىگە يوشۇرۇپ قويۇلغان ئالتۇن-كۈمۈشنى ئېلىپ چىقىپ ئەسكەرلەرگە بەردى. ئۇنىڭ قولىدىن يەنە بىر ئەسكەر ئېلىپ شاراقشىتىپ يېنىغا سېلىپ، ئەسكەرلەرگە چېكىنىش بۇيرۇقى بەردى. شۇنىڭ بىلەن هاشىم هاجى بىلەن بالا-چاقىلىرىنىڭ جېنى ئامان قالدى، ئەمما كۆزى يورۇغىنىغا ئەمدىلا يەتتە كۈن بولغان زوراخان قاتتىق ئەدەپ يىگەنلىكتىن قان توختىماي نالە-زار ئىچىدە ۋاقىتسىز كۆز يۇمدى. بەختسىز زوراخان شۇ كۈندىكى بۇلاڭ-تالاڭدا قازا بولغان 43

كىشىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

بۇ زەربە ھاشىم ھاجىنى ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار قىلىپ ياتقۇزۇپ قويدى. بىردەم تىنىم تاپمايدىغان ھاشىم ھاجى مەش قويۇلغان مېھمانخانا ئۆيدىكى كارىۋاتتا ياتاتتى. ئۇنى ئەھلى مەھەللە، يۇرت ئىچىدىكىلەردىن تاشقىرى كۇچادىن ئۆتكەن ـ كەچكەن مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر، سودىگەر، يولۇچىلاردىنمۇ يوقلاپ كېلىدىغانلار كۆپ ئىدى.

دەرد ـ ئەلەملەر كېلىدۇ ئوغۇل بالانىڭ باشىغا،
سايدا تۇگمەن چۆرگىلەمدۇ كۆزدىن ئاققان ياشىغا.

ھاشىم ھاجى بېشىغا كەلگەن بۇ دەرد ـ ئەلەملەر دەستىدىن باشقىچىلا قېرىپ كەتكەندەك بىلىنەتتى. ئۇنىڭغا بۇ زامان تولىمۇ رەھىمسىز، ئاچكۆز، تار بىلىنىپ، ئىچىدە غەزەپ ـ نەپرىتى قايناپتتى. ئۆزىنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغىنىغا بەكمۇ ئىچى پۇشاتتى. قوپۇپ ماڭغۇسى، ھەرىكەت قىلغۇسى، سازلارنى قولىغا ئالغۇسى، نەغمە قىلغۇسى، دار ئويۇنىنى داۋاملاشتۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ سۇنۇق كۆڭلىنى خوش قىلغۇسى، كۆز يېشى قۇرۇمىغانلارنى كۈلدۈرگۈسى، قەلبىنىڭ جاراھەتلىرىگە ئاز ـ تولا بولسىمۇ شىپالىق ئاتا قىلغۇسى، يۇرت كەزگۈسى كېلەتتى. تۇغۇلۇپلا يېتىم قالغان بىتەلەي نەۋرىسى ئاتىكەمنى يېنىدىن ئايرىغۇسى كەلمەيتتى. بوۋاقنىڭ پىشانىسىنى سىلايتتى، ئىچىدە نېمىلەرنىدۇ پىچىرلايتتى.

ھاشىم ھاجى بۇ يۇرتنىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر گۆھىرى ئىدى. ئۇ شۇ زامانلاردا كۇچا، ئاقسۇ تەۋەسىدە بىردىن بىر مۇقامنى كۆپ بىلىدىغان سەنئەتكار بولۇپ، توققۇز مۇقامنى تولۇق بىلەتتى. بىر ئۆمۈر نەغمە ـ ناۋا، ساز ـ مۇزىكا بىلەن ئاشىق ـ مەشۇق بولۇپ ياشاپ كەلگەن، ناخشا ـ مۇزىكا قان ـ قېنىغا سىڭىپ، نەپەسلىرى ۋە يۈرىكىنىڭ سوقۇشلىرى بىلەن بىرىكىپ كەتكەن، ئۆزىنى سەنئەتسىز تىرىك جان ھېسابلىمايدىغان بۈيۈك سەنئەتكار ھاشىم ھاجى قانداقمۇ نەغمە ـ ناۋاسىز، ساز ـ مۇزىكىسىز تەقدىرگە تەن بېرىپ جىم ياتالىسۇن؟!

ھاشىم ھاجى دۈمبىسىنى بېسىپ تۇرۇۋاتقان ئۇڭدا ياتالمايدىغان، ئاغرىق ئازابى جېنىنى قىيناپ ئارام بەرمەيۋاتقان ئاشۇ ھالەتتە يېتىپمۇ نەغمە ـ ناۋاسىز ئۆتۈشكە كۆڭلى ئۇنىمىدى. نەغمە ـ ناۋاسىز قېلىش ئۇنىڭغا تېخىمۇ چىدىغۇسىز ئېغىر ئازاب ئىدى. ئۇ نەغمە ـ ناۋانى دەردىگە داۋا، رەنجىگە شىپا بىلدى. نەغمە ـ ناۋا بىردىن بىر خوشاللىقى، تىرىكلىكىنىڭ ئالامىتى، ئۈمىد چىرىقى بولدى. بالىلىرىغا پات ـ پات مۇقام نەغمىلىرىنى چالدۇرۇپ ئاڭلاپ تۇردى. بالىلىرى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چالالمىغان جايلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، پىر ـ ئۇستازلىقىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭ بىردىن بىر سۆيىنىدىغىنى، بۇ ئالەمنىڭ بارلىق غەلۋە ـ غەۋغا، دەرد ـ ئەلىمى، قايغۇ ـ ھەسرەتلىرىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ كۆڭلىنى كۆتىرىدىغىنى ئۆمۈرلۈك جانجان ھەمراھى نەغمە ـ ناۋا ئىدى. نەغمە ـ ناۋا ئاڭلىمىسا، ئۆزىنى بۇرنىغا ئەجەل پۇراپ تۇرغاندەك سېزەتتى. نەغمە ـ ناۋا ئاڭلىسا، يۇمۇلغان كۆزلىرى ئىختىيارسىز ئېچىلىپ، ئىڭراشلىرى توختاپ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپ روھلىنىپ كېتەتتى. تەبەسسۇم پەيدا بولغان قانسىز لەۋلىرى ئىختىيارسىز مىدىرلايتتى. ئاندىن ئۇنىڭ يېقىملىق، ئاجىز ئاۋازى بېشىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرگەن خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرىنىڭ قۇلاقلىرىغا ئاڭلىنىپ، ئۇلارنى خوش قىلىۋېتەتتى.

www.uyghurkitap.com



* *

1949-يىلى 12-ئاينىڭ 24-كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى دالا ئارمىيىسى 2-جۈنى 5-شىسىنىڭ 13-تۈەنى كۇچاغا كىردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كۇچانىڭ، كۇچا خەلقىنىڭ يېڭى دەۋرى، بەختىيار ئازاد زامانى باشلاندى. كۇچا زۇلمەت قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىقتى. هاشىم هاجى بۇ كۈنلەرنى كارىۋاتتا يېتىپ خوشاللىق بىلەن كۈتۈۋالدى. ئۇ خېلى ياخشىلىنىپ قالغانىدى.

لەپىلدەپ قار يېغىپ تۇرغان بىر كۈنى سېرىق ھەربىيچە كىيىم، بېشىغا پاختىلىق سېرىق شەپكە كىيگەن بىر نەچچە كىشى ئىززەت-ئىكرام بىلەن هاشىم هاجىنى يوقلاپ كەلدى. بۇلار كۇچاغا كەلگىنىگە ئۇزۇن بولمىغان ما خۇي باشلىق ئازادلىق ئارمىيىنىڭ تەشۋىقات، ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمەتلىرىگە مەسئۇل خادىملىرى ئىدى. ئۇلار تولىمۇ قائىدە-يوسۇنلۇق، كۆزگە ئىسسىق كۆرۈنەتتى. ئۇلاردىن ما خۇي ئىززەت-ئىكرام بىلەن هاشىم هاجى ۋە باشقىلارغا سالام بەردى. ئۇلار شىرئەلىنىڭ باشلىشى بىلەن تۆردىن ئورۇن ئېلىپ قاتار ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن ما خۇي سۆزلىدى، تەرجىمان تەرجىمە قىلىپ بەردى. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ئازادلىق ئارمىيە خادىملىرى ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ هاشىم هاجىنى ۋە بۇ ئائىلىنى يوقلاپ ئالاھىدە هال سوراپ كەلگەنلىكىنى ئۇقتى. ما خۇي يەنە سۆز قىلىپ، هاشىم هاجىغا سالامەتلىك، بۇ ئائىلىگە خاتىرجەملىك تىلىدى ۋە هاشىم هاجىنى ئىلھاملاندۇرۇپ، ئەدەبىيات-سەنئەت، تەشۋىقات ئىشلىرىدا هاشىم هاجىدىن زور ئۈمىد كۈتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. هاشىم هاجى بۇ گەپلەرنى تۇنجى قېتىم ئورنىدىن قوپۇپ كارىۋاتتا تىك ئولتۇرۇپ زوق بىلەن ئاڭلىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ باشقىچە روھلىنىپ، ئۇزاققا قالماي ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى..

— مەن ساقايدىم، ئەمدى يېتىۋەرسەم بولمايدۇ، گومىنداڭ بىزنى خار قىلغان بولسا، كومپارتىيە ئەزىزلەۋاتىدۇ، مەن يېڭى جەمئىيەت ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسەمنى قوشاي،— دەيتتى ئۇ تولۇق ساقايماي تۇرۇپ ئالدىراپ كەتمەسلىك توغرىسىدا خوتۇن، بالا-چاقىلىرىنىڭ بەرگەن تەسەللىلىرىگە جاۋابەن.

شۇنداق قىلىپ هاشىم هاجىنىڭ يېڭى دەۋردىكى يېڭى ھاياتى باشلاندى. ئۇنىڭ 80 نەچچە يىللىق ھايات تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئېچىلدى. زوق-شوخ بىلەن يېڭى جۇڭگو قۇرۇش كۈرىشىگە ئاتلانغان هاشىم هاجى پارتىيىنىڭ چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، سەنئەت سېپىدىكى ياخشى جەڭچى، جەڭگىۋار تەشۋىقاتچى بولدى. ئۇ ۋە ئائىلىسىدىكىلەر يۈكسەك ئىنقىلابىي قىزغىنلىق بىلەن پارتىيىنى، رەئىس ماۋ زېدۇڭنى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى، بەختىيار يېڭى زاماننى كۈيلەيدىغان ناخشا-مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلىپ، ئاممىنى قوزغاش، سەپەرۋەر قىلىشتا ئاۋانگارتلىق رول ئوينىدى.

1950-يىلى 7-ئاينىڭ 20-كۈنى كۇچا خەلقى ئارىسىدا ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش-چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن ئىئانە توپلاش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. هاشىم هاجى بۇ پائالىيەتتە ھەم تەشۋىقاتچى، ھەم ئاكتىپ باشلامچى بولدى. نەتىجىدە بۇ پائالىيەتتە 1952-يىلى 1-ئاينىڭ 31-كۈنىگىچە 360 مىليون يۈەن خەلق پۇلى، 63 مىڭ 592 كۈمۈش تەڭگە، 25 مىڭ سەر ئالتۇن زىبۇ-زىننەت، 1631 سەر كۈمۈش زىبۇ-زىننەت، 137 يامبۇ ئىئانە قىلىندى. بۇ چاغدا

هاشىم هاجى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىنى بۇلاپ قۇرۇقداپ قويغىنىغا قارىماي يەنە پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ نۇرغۇن پۇل ئىئانە قىلدى. بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلار ھەر خىل. 2 ـ نەۋرىسى ئايشەمخان بۇ ھەقتە «ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش ـ چاۋشەنگە ياردەم بېرىشتە ئۈچ ئايروپىلان سېتىۋالغۇدەك پۇلنى ئۈرۈمچىدە ئىئانە قىلغان»، «ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش ـ چاۋشەنگە ياردەم بېرىشكە ئىئانە توپلاش ئىشخانىسىغا تاپشۇرغانىكەن» دەيدۇ. بۇ ھەقتە «مىللەتلەر رەسىملىك ژورنىلى»نىڭ 1982 ـ يىللىق 12 ـ سانىدا ھاشىم ھاجىنىڭ چوڭ ئوغلى مەشھۇر دارۋاز سىدىق ھاشىم شۇ يىلى كۆكخوتتا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە مۇسابىقىسى توغرىسىدا ئاجرىتىلغان مەخسۇس سەھىپىدە تونۇشتۇرۇلغان «دۆلەت، خەلق ئۈچۈن ماھارەت كۆرسىتىش» دېگەن ماقالىدە «ئايروپىلان سېتىۋېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل ئىئانە قىلغان» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، مىقدارى ئېنىق بولمىسىمۇ، ئىشقىلىپ نۇرغۇن پۇل ئىئانە قىلغانلىقى ئېنىق.

«مەردنى مەيداندا سىنا» دېگەندەك، ھاشىم ھاجى ئەنە شۇنداق كەسكىن سىناق مەيدانلىرىدا سىنالغان مەرد، مەردانە ئادەم.

ھاشىم ھاجى ئاشۇ يىللاردا ناھايىتى پائالىيەتچان بولۇپ، كۈچا ھەمدە ئاقسۇ ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى يۇرتلاردىن باشقا ئۈرۈمچى، غۇلجا قاتارلىق جايلاردا دار ئويناپ، قەدىمكى ئۇيغۇر دارۋازلىقىنىڭ يېڭى دەۋردىكى يېڭى باھارىنى نامايەن قىلدى. 1950 ـ يىلى غەربىي شىمال ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرىنىڭ 1 ـ قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ قاتناشتى، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ قوبۇل قىلىشى ۋە ئىلھاملاندۇرۇشىغا مۇيەسسەر بولدى. قەلبىدە يۈكسەك ئارزۇ ـ ئارمانلار يېلىنجاۋاتقان كۈنلەردە كېسەل ئاخىرى ھاشىم ھاجىنى يىقىتتى.

ھاشىم ھاجى ھويلىدىكى پېشايۋاننىڭ ئاستىدا ئۇدۇل تامغا يېقىن قويۇلۇپ سىم تور تارتىلغان كارىۋاتتا ياتاتتى. ئۇ گۈلخۇمار، گۈلگە ئامراق كىشى بولغاچقا، كارىۋاتنىڭ كەينىدىكى تامنىڭ يېنىغا بىر نەچچە قۇر تەشتەك گۈل تىزىلغانىدى. بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىلا ئېچىلغان سېرىق ئەتىرگۈلدىن خۇش پۇراق كېلىپ تۇراتتى. ھاشىم ھاجى ئامراق ۋە ئالاھىدە ئەتىۋارلايدىغان بۇ گۈلنىڭ ئېچىلىشى بۇ ئائىلىگە كىچىككىنە شادلىق، ئۈمىد ئاتا قىلغانىدى. بىر نەچچە كېپىنەك ئۇنى ئەگىپ يۈرەتتى، بىر ـ ئىككى چېچەك ھەرىسى چۆرىسىدە غۇڭغۇلدايتتى. نەدىدۇ پاختەكنىڭ سايرىغىنى ئاڭلىناتتى. ھاشىم ھاجى بۇلارنى باھارنىڭ ئەلچىلىرى، دەپ ئويلايتتى. ئايالى ھەمراخان بىر دەستە سېرىق ئەتىرگۈلنى لوڭقىغا چىلاپ، ھاشىم ھاجىنىڭ يېنىغا قويۇپ قويغانىدى. ھاشىم ھاجى گۈلگە، ئۇنى ئەگىپ يۈرگەن كېپىنەك، چېچەك ھەرىلىرىگە قاراپ زوقلانغاندەك مىيىقىدا كۈلۈپ قوياتتى. بىر يېڭى ھايات، گۈزەللىك پەسلىنىڭ باشلانغانلىقىغا تەنتەنە قىلغاندەك، كۆڭلى باھار زوقىغا تولۇپ يايرىغاندەك بولاتتى.

باھارنىڭ ئىللىق قۇياشى پېتىپ گۈگۈم چۈشۈپ، كۈندۈزكى ئىسسىق ھاۋا سالقىنلاشقا باشلىدى. ھويلا ئىچى جىمجىت ئىدى. بۇ جىمجىتلىقنى بىردىنلا ھاشىم ھاجىنىڭ يېقىملىق بوم ئاۋازى بۇزدى:

ــ بالىلىرىم، ھەممىڭلار ئاڭلاڭلار، ــ بۇنى

www.uyghurkitap.com

ئاڭلاپ ئائىلىدىكى چوڭ-كىچىك ھەممەيلەن هاشىم هاجىنىڭ يېنىدا تەق بولدى. هاشىم هاجى چۆرىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — مەن مۇقام ئاڭلاپ تۇغۇلدۇم، مۇقام ئاڭلاپ ياشىدىم، 86 يىللىق ئۆمرۈم مۇقام بىلەن ئۆتتى. ئەڭ ئاخىرىدا مۇقام ئاڭلاي، مۇقام ئاڭلاپ كۆز يۇماي، قېنى، ئەجەم مۇقامىغا راسا بىر چېلىڭلار.

بۇنى ئاڭلاپ ھەممەيلەننىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ كۆزلىرىگە ياش كەلدى. شىرئەلى ئىسكىرىپكا، ھەيدەرئەلى چاڭ، نەۋرىسى تۇرسۇن ئېلى داپ چېلىپ، ئەجەم مۇقامىنى باشلىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كالپۇكىنى چىشلەپ تۇرۇپ، بەزىلىرى بىلىنەر-بىلىنمەس ھېقىغداپ تۇرۇپ چالغان بۇ مۇزىكا ئۆگە-ئۆگىلەرنى ئېرىتىۋەتكىدەك دەرىجىدە تەسىر قىلىپ، ھەممەيلەننىڭ ئۆپكىسىنى ئۆرۈۋەتتى، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاران-ئاران بېسىپ تۇراتتى. مۇقام تۈگىگەندىن كېيىن ساز توختاپ ھەممەيلەن ئېغىر سۈكۈتكە چۆمدى. هاشىم هاجى بالا-چاقىلىرىغا قاراپ ئاستا ئاۋاز بىلەن:

— ئۇھ، رەھمەت، ئارمانىم يوق، خۇدايىمغا ئامانەت. رازى بولۇڭلار، — دېدى. شۇ سۆزدىن كېيىن بۇ زاتنىڭ تىنىقى توختاپ، بېشى قىڭغىيىپ، كۆزلىرى يۇمۇلدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ 86 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

كىشىلەر بەزى ئادەملەرنىڭ ئۆلۈمىنى تويغا ئوخشىتىپ، ماتەم كۈنىنى تويى بولدى، دەپ تەرىپلىشىدۇ. شۇنداق دېيىشكە توغرا كەلسە، هاشىم هاجىنىڭ ئۆلۈمى ئۇنىڭ كاتتا تويى-مەرىكىسى بولدى. مەن شۇ چاغلاردا ئون ياشتا بولۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتىم. هاشىم هاجىلار بىلەن بىزنىڭ ئۆي يېقىن بولغاچقا مەنمۇ مەھەللىدىكىلەر بىلەن بىللە مېيىت ئۇزاتقىلى چىقتىم. شۇ كۈنى پۈتۈن كۇچا شەھىرى تەۋرەپ كەتكەندەك، نامىزىنى چۈشۈرۈشكە قاتناشقان جامائەت ھەددى-ھېسابسىز ئىدى. تۇپراق بېشىغا چىققانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. بۇ 4-ئاي مەزگىلى بولغاچقا، قۇتلۇقئۇردا بىلەن ياركوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قاقاسلىقتا جايلاشقان خوتەن زاراتگاھلىقىغا كېتىۋاتقان جامائەتنىڭ ئايىغىدىن پۇرقىراپ ئۆرلىگەن قۇرۇق توپا كىشىلەرنىڭ ئۈستىدە قويۇق تۇمان ھاسىل قىلغانىدى. بۇنداق كۈنلەردىكى جامائەتنىڭ ئاز-كۆپلۈكى شۇ كىشىنىڭ ئەل-جامائەت ئىچىدىكى يۈز-ئابرويى، ئىززەت-ھۆرمىتى، قىسقىسى، خەلقنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئەقىدە-ئىخلاسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنىڭ روشەن بەلگىسى. بۇ مەن هاشىم هاجى يەرلىككە قويۇلغان ئاشۇ كۈنى گۆدەك چېغىمدا تونۇپ يەتكەن ھەقىقەت. ئۇنىڭ ۋاپاتىغا 56 يىل بولغان بولسىمۇ، ئۇ ھازىرغىچە ئۇنتۇلغىنى يوق، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇنتۇلمايدۇ، مەڭگۈ نامى ئۆچمەيدۇ!

بۇ يىل ئۇنىڭ تۇغۇلغانلىقىغا 140 يىل بولغان بۇ كۈنلەردە مەن ئۇنى زور ھۆرمەت بىلەن ياد ئەتمەكتىمەن.

2008-يىلى 1-ئاي، ئۈرۈمچى

### پايدىلانغان ماتېرىياللار


1. «كۇچا ناھىيىسى تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997-يىلى نەشرى.
2. «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 25-قىسىم.
3. «مىللەتلەر رەسىملىك ژۇرنىلى» خەنزۇچە 1982-يىللىق 12-سان.


تەھرىرلىگۈچى: ئەخمەت روزى توغرۇل

# كەلپىندە ئۆتكەن ئۇستا ھۈنەرۋەنلەر

مامۇت قۇربان

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى خىمىيە-خىمىيە سانائىتى ئىنستىتۇتىدىن)

كەلپىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يىراق، چەت ناھىيە، سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى ناھايىتى ئاز. كەلپىننىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى كەلپىن خەلقىنى ناھايىتى بۇرۇنلا ھەر خىل ھۈنەرلەرنى ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشقا مەجبۇر قىلغان. ئۇلار تۇرمۇشنى قامداش ئۈچۈن تۈرلۈك ھۈنەرلەرنى ئۆگەنگەن بولسىمۇ، ھۈنەر يېڭىلاشقا ئامالى بولمىغاچقا، ئۆز دائىرىسى ئىچىدىلا چەكلىنىپ قالغان، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي كەلپىننىڭ ماھىر ئۇستا-قول ھۈنەرۋەنلىرى ئۆزلىرىنىڭ گۈلدەك، خاس ھۈنەرلىرى بىلەن ناھىيە خەلقىنىڭ تۇرمۇشىغا نۇرغۇن قولايلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن.

## 1. ياغاچچىلىق ۋە تامچىلىق

كەلپىن دىيارىدا 1940-يىلىدىن بۇرۇن داڭقى چىققان ياغاچچى تامچى بارلىقى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق، بىراق 1920-يىللارنىڭ ئالدى-كەينىدە گەزلىكتىن ئىمىن مۇپتى، قاراكۆتتىن ھامۇت شاڭيۇم، مۇھەممەت خەلپىتىم (1937-يىلى 37 يېشىدا ۋاپات بولغان)، ئەمەت شاڭيۇ، تايىر ھاجىلار قەشقەر، خوتەنلەردىن ئۇستا تەكلىپ قىلىپ بۇخارا، ئىران نۇسخىسىدا ۋاساجۇپلۇك، پارامانلىق، گەجلەنگەن، نەقىشلىك رۇجەك-ئىشكاپلىق چوڭ دېرىزىلىك، پېشايۋانلىق يوغان ئۆيلەرنى سالدۇرغان.

1940-يىلىنىڭ ئاخىرىدا قەشقەردە ياغاچچىلىقنى ئۆگىنىپ كەلگەن گەزلىكلىك قادىر ياغاچچى كەلپىن كۆلۈبىنىڭ رۇس پاسونىدىكى قوش قاناتلىق ئىشىك-دېرىزىلىرى، تۈۋرۈكلىرىنى ياساپ كەلپىن ياغاچچىلىقىدا باش كۆتۈرۈپ چىققان. قادىر ياغاچچى كەلپىندىكى تۇنجى ئەۋلاد ئۇستا ياغاچچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشتا پۇختىلىقى، مەنپەئەت قوغلاشمايدىغان ئېسىل پەزىلىتى خەلق قەلبىدىن ئورۇن ئالغان. ئۇ ئۆمرىدە 20 نەچچە شاگىرت تەربىيىلەپ چىققان. ئۇنىڭدىن باشقا ئەمەت ياغاچچى، نۇر بوجاڭلار 1960-يىللاردىن بېرى كەلپىن ياغاچچىلىقىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ كەلدى. 1965-

www.uyghurkitap.com

يىلىدىن كېيىن قاراكۇتلۇك ئاۋۇت ياغاچچى، ئاچاللىق ئارىپ قارىلار زامانغا لايىق ئۆي جاھازلىرى ۋە ياغاچ جابدۇقلارنى ياساپ شۆھرەت قازاندى. كەلپىنگە توك ھەرىسى 1965 ـ يىلى كىرىشكە باشلاپ ياغاچچىلىقتىكى قىيىنچىلىقنى ئازايتتى.

كەلپىننىڭ قوشۇقچىلىقى خېلى داڭلىق بولۇپ، كەلپىن ئەتراپىدىكى جايلار كەلپىن قوشۇقىنى ئىشلىتىشكە ئامراق، چۈنكى كەلپىن قوشۇقلىرىنىڭ ياسىلىشى سىلىق، چىرايلىق، نەقىشلىك، ئاساسلىقى ئۈژمە ياغىچى بىلەن ئۆرۈك ياغىچىدىنلا ياسىلىدۇ. كەلپىندە قوشۇقچىلىق قىلىدىغان ھۈنەرۋەنلەر ئاساسلىقى قۇملۇق يېزىسىغا مەركەزلەشكەن. ئۇنىڭدىن باشقا گەزلىك يېزىسىدىن يولبولدى ئۇستا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى، قۇملۇق يېزىسىدىن مامۇت روزى، قاراكۇتلۇك ئابدۇرازاق ھامۇت، قۇمئېرىقلىق زايىت شاڭيۇ، يۇسۇپ شاڭيۇ، توختاخۇن سۇۋاقچى، قۇملۇق يېزىسىدىن مىجىت ياقۇپ ئەپەندى قاتارلىقلارمۇ ئارقا ئارقىدىن يېتىشىپ چىقىپ، ياغاچچىلىق ۋە تامچىلىق ئىشلىرىغا تۆھپە قوشتى.

2. كۆنچىلىك

كەلپىندە ئاساسلىقى ئۆچكە، كالا تېرىسى خۇرۇم، تۆگە تېرىسى چەم قىلىنىدۇ، بۇنىڭدىن ئىشلەنگەن كۆن ـ خۇرۇملار جاي ـ جايلارغا سېتىلىدۇ. كەلپىندە كۆن ـ خۇرۇم ئىشلەيدىغان ھۈنەرۋەنلەر ئاساسەن قۇمئېرىق يېزىسىنىڭ كۆنچى مەھەللىسىگە مەركەزلەشكەن. بۇ يەردە تۆت، بەش ئەۋلاد كۆنچىلىك قىلىپ كەلگەن ئائىلىلەر خېلى كۆپ. زايىت كۆنچى شۇلارنىڭ بىرى، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھازىرمۇ كۆنچىلىكنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. كەلپىندە تېرە ئاشلاش بىرقەدەر ئومۇملاشقان، ھەر بىر ئائىلىدە بىردىن تېرە ئاشلاش ئولىقى بار، بۇ يەردە قورامىغا يەتكەن ھەرقانداق كىشى تېرە ئاشلىيالايدۇ.

3. موزدوزلۇق

كەلپىندە موزدوزلۇق قىلىدىغانلار بىرقەدەر كۆپ، ئۈچ ـ تۆت ئەۋلاد موزدوزلۇق قىلىۋاتقانلار بار. ئۇلارنىڭ ھال ـ ئوقىتى خېلى ياخشى. قاراكۇتلۇك ئىسا ئۇستام ۋە ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئەھمەت ئۇستاملار تونۇلغان ئۇستىلاردۇر، ئۇلار مەخسۇس بۆيرۈتما ئىشىنىلا قىلاتتى. قادىر ئۇستا بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى مەپىز ئۇستا مەسە تىكىشكە ماھىر ئىدى. موللاخۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مەمتىمىن موللەك، قۇمئېرىقتىكى خۇدۇيۇمبەردى موزدوز، يۇقىرىستىكى ئەخمەت موزدوزلار مەخسۇس تويلۇق ئۆتۈكى ۋە بۆيرۈتمىلارنى تىكەتتى. ئۇستا موزدوزلار ئاساسەن قۇمئېرىق بىلەن قاراكۇتكە مەركەزلەشكەن. كەلپىننىڭ ئۇستا موزدوزلىرى كۈز پەسىللىرىدە ئاقسۇ، ئونسۇ، ئۈچتۇرپان، قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ھۈنەر قىلىپ تاپاۋەت قىلىپ كېلىدۇ.

4. تىككۈچىلىك

كەلپىندە 1950 ـ يىللاردىن بۇرۇن تىككۈچىلىك ئىشلىرىنى ئاساسلىقى ئاياللار قىلاتتى، ئۇلار يەڭلىرى ۋە ياقىسىغا جىيەك تۇتقان كىيىملەرنى،

چاپانلارنى تىكىشكە، ئىزما قاداشقا ئۇستا ئىدى، قاراكۇتتىكى پاتىمخان، ئىرادىخان ئاچا - سىڭىللارنىڭ يىڭنە ئىشى خېلى داڭلىق ئىدى، قۇمئېرىقلىق داۋۇت تۇماقچى، گەزلىكلىك مەخسۇت تۇماقچى تۇماق تىكىش ماھىرلىرى ئىدى. قاراكۇتتىكى مامۇت ياقۇپ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئىسرائىل ئۇستا، داۋۇت ئۇستىلار 30 - يىللاردىن بۇرۇنقى ماشىنىچىلار ئىدى. قۇمئېرىقلىق مۇھەممەت ئۇستا ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى، قاراكۇتلۇك ئابدۇقادىر ئۇستا، ئاتاۋۇلا سامساقلار ھازىرقى زامان تىككۈچىلىكىگە ئاساس سالغان كىشىلەردۇر. ئارائىيماقلىق قۇربانخانتونىنىڭ ئوغلى يۇسۇپ ئۇستا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئۆمەر ئۇستا ئۆزلىرىنىڭ ئۈچ ئەۋلاد ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، 1935 - يىللاردىن تا ھازىرغىچە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تىككۈچىلىك قىلىپ، خېرىدارلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلگەن ئۇستا ماشىنىچىلاردۇر. ئۇلار سوۋېت پاسوندىكى پەلتو، ئېتىكى كەڭ ئايالچە پۇتۇن كۆڭلەكلەرنى، رىغزىق تۇتۇلغان سىپتا پىلاشلارني بەك چىرايلىق تىككەتتى، شۇڭا ئۇلار تىككەن كىيىمنى بىرلا قېتىم كىيىپ باققان ئادەم يىراق يۇرتلاردىن ئۇلارغا كىيىم تىككۈزۈشكە كېلەتتى، ھەتتا ئۇرۇمچىدىكى بەزى زىيالىيلارمۇ دائىم يۇسۇپ ئۇستىغا زاكاز كىيىم بۇيرۇتاتتى. 1964 - يىلى قاراكۇتلۇك ھەسەن تاش كەلپىندە شەپكە تىكىش ئۇستىسىغا ئايلاندى، ئۇ غۇلجا پاسونىدىكى شەپكىنى تىكىشكە ئۇستا بولۇپ ياشلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

5. باپكارچىلىق، يۇڭ توقۇمچىلىق، بوياقچىلىق

كەلپىننىڭ ماتا توقۇش ئىشلىرى بىرقەدەر ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. كەلپىندە ماتا توقۇيدىغان ھۈنەرۋەنلەر ئاساسەن تومئېرىق، ئارائىيماق ۋە قۇملۇق يېزىلىرىغا مەركەزلەشكەن، يۇرچىدە روزى باپكار دەيدىغان بىر كىشى بولۇپ، ئۇ توقىغان ماتا سۈپەتلىك بولغاچقا، كىشىلەر تالىشىپ سېتىۋالاتتى.

كەلپىن خەلقى تۆگە، قوي يۇڭلىرىنى ئىگىرىپ پالاز، تاغارلارنى توقۇيتتى، يۇڭدىن سۈپەتلىك ياخشى كىگىز، تەڭلىماتلارنى قۇياتتى. كىگىز، تەڭلىماتلارنىڭ گۈللىرى بەك چىرايلىق ئىدى. بوز پالاز، تەڭلىماتلىرىنىڭ يىراق يېقىندا خېلى داڭقى بار ئىدى. گەزلىك يېزىسىدىكى ئۆمەر يولبولدى، ئەخمەت يولبولدىلار قۇيغان كىگىز، تەڭلىمات، پىيمىلار، تومئېرىقلىق ئىسمائىل كىگىزچىلەر قۇيغان كىگىزلەرنىڭ نامى بار.

قاراكۇتلۇك مۆمىن گاس 93 يىللىق ئۆمرىدە ھەر خىل يۇڭلاردا يىپ ئىگىرىپ ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئىگىرگەن ھەر خىل رەڭدىكى يىپلىرى سۈپەتلىك ھەم چىرايلىق بولۇپ، ئۇنىڭدىن پوپايكا، ئىشتان، پىلاشلارنى توقۇسا بەكمۇ كۆڭۈلدىكىدەك چىقاتتى. 1930 - يىللىرى كەلپىندە تۇرۇشلۇق يەكەنلىك قاسىم سەرگاز، تومئېرىق يېزىسىدىن مەتتىمىن سەرگازلارنىڭ ئىشلىگەن سەرگازلىرى،

www.uyghurkitap.com

باسقان گۈللىرى كەلپىن ئىچىدە داڭلىق ئىدى. لېكىن بۇ ھۈنەر گۈل بېسىش تېخنىكىسىنىڭ ناچارلىقىدىن 1965 ـ يىللىرى ئاستا ـ ئاستا ئەمەلدىن قالدى.

6. تۆمۈرچىلىك

كەلپىن تاغلىرىدىن تۆمۈر چىقمىسىمۇ، سودىگەرلەر ئاقسۇ، باي، سېرىقبۇيا قاتارلىق جايلاردىن تۆمۈر سېتىۋېلىپ كېلىپ، ئارا، قىڭراق، ئورغاق، كەتمەن، ئۈشكە، كەكە، پىچاق، دىرەش، بەلچى، تاقا، شوشاڭ، پالتا، تېمىنە يىڭنە، ھالقا، جۈۋالدۇرۇز قاتارلىق ھەر خىل سايمانلارنى ياساپ، خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ كەلدى. كەلپىن تۆمۈرچىلىرىنىڭ سوققان كەتمىنى باشقا ناھىيە، ۋىلايەتنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، ئۇلارنىڭ كەتمىنى يوغان، ھەم ئېغىر، بىسى يانمايدۇ. كەلپىندە 3ـ4 ئەۋلاد تۆمۈرچىلىك قىلغانلاردىن يۇرچىلىك ھاشىم ئۇستا، مەمەت ئۇستا، ئۇنىڭ ئوغلى ئەسمىتۇللا ئۇستا، مەيىز ئۇستا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇرېھىم مەيىز، ئارائايماقلىق ماڭسۇقۇل ئۇستا، گەزلىكلىك تىلەك تۆمۈرچى، توختى ئۇستا ۋە ئۇنىڭ باللىرى قاتارلىقلار بار.

7. ئاشپەزلىك

كەلپىندە ئاشپەزلىكنى ئۆزگە كەسىپ قىلغان ھۈنەرۋەنلەر ناھايىتى ئاز ئىدى، كىشىلەرنىڭ ئاشپەزلىك ھۈنىرىگە ھاجىتىمۇ چۈشمەيتتى، شۇنداقتىمۇ 1920 ـ يىلىدىن باشلاپ سامسىپەز ئابلا گەيجاڭ، ئاشپەز ئىمانىخان، ئابدۇقادىر مۇللا، روزاخۇن ئاشپەز قاتارلىق ئۇستىلار بازار ئىچىدە ئاشخانا ئېچىپ خېلى روناق تاپقان. ئۆزبېكىستانلىق ئىسمەتجان، نامەتجانلار ئاشپەزلىكتە داڭق چىقارغان 2 ـ ئەۋلاد كىشىلەردۇر.

8. تېۋىپلىق

كەلپىندە داڭلىق تېۋىپ بولمىغان پەقەت داڭلىق پېرىخون بولغان. كىشىلەر ئاغرىقلارنى تۇغ باغلاش، كەتمەن بېسىش، ئوقۇش ئارقىلىق ساقايتىش ئىستىكىدە بولغان. كەلپىندە قۇربان شاكيۇ، ھوشۇر كاشال ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەت كاشاللار داڭلىقراق دورىپۈرۈچلاردىن ئىدى. كەلپىندە سوغۇقتىن بولغان كېسەللەرنى قىرقىمىغان قارا ئوغلاق تېرىسىگە، قارا كىگىزگە يۆگەش، تۆگە مايىقى بىلەن قوي مايىقىنى قىززىتىپ بەلگە ئېلىش، قارا چىراغنى ئاغرىغان جايغا قويۇپ ئاغرىق پەسەيتىش قاتارلىق يەرلىك ئۇسۇللار بىلەن داۋالاشتىن باشقا يەنە زۇكامداپ قالغان كىشىگە سايىنىڭ شىۋىقىنى سىقىپ سۈيىنى ئىچىرىش، تۆگە سۈتى بىلەن قوي سۈتىنى ئىچىرىش، ئۆپكە كېسىلى ۋە مەيدىسىگە سوغۇق تېگىپ قالغان بىمارغا چامغۇرنى ئوتقا كۆمۈپ يېگۈزۈش، نەشتەر بىلەن چېكە تومۇرى ياكى تىل ئاستىدىن قان ئېلىپ قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىش قاتارلىق ئۆزگە خاس يەرلىك ئۇسۇللارمۇ بار.

تەھرىرلىگۈچى: بىلىقىز مۇھەممەد

# چېپىت

سېمى مۇھەممەت
(ئۇچتۇرپان ناھىيىسى ئاقتوقاي يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

تۇرسۇن قۇربان
(كەلپىن ناھىيىلىك تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)

چېپىت كەلپىن خەلقىنىڭ ئېسىل نانلىرىنىڭ بىر خىلى، ئۇ كەلپىننىڭ بەزى يېزىلىرىدا «چېپتا»، «چاپىت» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چېپىت دېگەن بۇ سۆز قەدىمكى



ھىندى سانسكرىت تىلىدا «نېپىز، نېپىزلىتىش» دېگەن مەنىدە بولىدىكەن، ئۇنىڭ ھىندى سانسكرىت تىلىدا ئوقۇلۇشى «جاھاپىتى» ئىكەن. چېپىت كەلپىنلىكلەرنىڭ توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ، ھېيت ـ ئايەملىرى ۋە ھەر خىل مېھماندارچىلىقلىرىدا كەم بولسا بولمايدىغان يېمەكلىك. يېقىندا كەلپىن چېپىتى ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى تۈركۈمدىكى غەيرىي، ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن بولۇپ رەسمىي ئېتىراپ قىلىنىپ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زور قىزىقىشىنى قوزغىدى. بولۇپمۇ بۇ يىلقى ئۆكتەبىر ئالتۇن ساياھەت ھەپتىلىكىدە رايونىمىز ئىچى ـ سىرتىدىكى خېلى كۆپ ساياھەتچىلەرنىڭ ئالايىتەن كەلپىنگە كېلىپ بۇ ناھىيىنىڭ ئۆزگىچە مەھسۇلاتلىرىنى كۆرۈپ ھوزۇرلىنىشى چەت يىراق بولغان كەلپىن خەلقىنىڭ ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى قوزغىدى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن خەلقىمىزگە ئانچە تونۇش بولمىغان كەلپىن چېپىتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى.

چېپىتنى تونۇرغا يېقىپ پىشۇرۇش جەريانى ئاددىي ھەم ئىنچىكە بىر جەريان. ئۇ ئالدى بىلەن سۈپەتلىك بۇغداي ئۇنىدىن يۇغۇرۇلىدۇ (ئۇنى پەقەت ئۇن، سۇ، مۇۋاپىق خېمىرتۇرۇچ، تۇز بىلەنلا يۇغۇرۇشقا بولىدۇ، ماي، سۈت، تۇخۇم قوشۇشقا بولمايدۇ)،



خېمىرى بولدۇرۇلغاندىن كېيىن (خېمىرى بەك بولدۇرۇلمايدۇ) 200 گىرام ئۆلچەمدە زۇۋۇلا ئۈزۈلۈپ، مەخسۇس ياسالغان يۇمىلاق چېپىت تاختىسىدا پۇزا بىلەن نېپىزلىتىلىدۇ، ئۇ قانچىكى نېپىز بولسا شۇنچە ياخشى ھەم يېيىشلىك، مېزىلىك چىقىدۇ، ئۇنىڭ نېپىزلىكى نەچچە مىللىمېتىرلا كېلىدۇ (قازان پوشكىلى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش نېپىزلىكتە بولىدۇ). چېپىت پۇزىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئوتۇندا قىزىتىلغان تونۇرغا مەخسۇس چېپىت رېپىتىسى بىلەن يېقىلىدۇ. چېپىت ناھايىتى نېپىز



بولغاچقا بىر مىنۇتقا قالمايلا پىشىپ بولىدۇ. چېپىت زۇۋۇلىسىنى نەچچە ئايال تېزلىكتە ئېچىپ تۇرمىسا ئۈلگۈرمەيدۇ ھەم تونۇرنىڭ ھاۋىسى كېتىپ قالىدۇ، پىشىپ چىققان چېپىتنىڭ دىئامېتىرى 40-50 سانتىمېتىر كېلىدۇ، ئۇنى سالقىن جايغا قويسا خېلى ئۇزۇن ساقلىغىلى بولىدۇ، سۈپىتى ئاسان ئۆزگەرمەيدۇ. بۇرۇن تۆگمەن ئۇنىدا ياققان چېپىتنى داستىخانغا يۆگەپ قويسا ئۇزۇن ھەم يۇمشاق ساقلىغىلى بولاتتى، ھازىرقى زاۋۇت ئۇنى ۋە زاۋۇت خېمىرتۇرۇچىدا يېقىلغان چېپىتنى يۇمشاق ساقلاش ئۈچۈن چوقۇم سۇلياۋ خالتىغا ئوراپ ساقلىمىسا ئاسانلا قېتىپ قالىدۇ.

ئاياللار چېپىت ياققاندا «بۈگۈن قانچىلىك چېپىت ياقتىڭىز» دېسە «مۇنچە توققاز، ئانچە توققاز چېپىت ياقتىم» دېيىشىدۇ، ئۇ دېگىنى توققۇز چېپىتنى بىر توققاز دەيدۇ، شۇڭا 30 توققاز چېپىت ياقتىم دېگىنى 270 چېپىت ھېسابلىنىدۇ.

كەلپىننىڭ ھېيت-بايرام، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ، مېھماندارچىلىقىدا چېپىت كەم بولسا زادىلا بولمايدۇ، چۈنكى كەلپىندە مېھماننى سۇدا پىشىرىلغان گۆش بىلەن كۈتۈشنى چوڭ كۆرىدۇ. چوڭ-كىچىك مېھماندارچىلىقلاردا ئالدى بىلەن ھويلىغا يوغان داشقازانلار ئېسىلىپ، يېڭى سويۇلغان قوي-كالا گۆشى سېلىنىدۇ، ئۇ پىشقىچە مېھماننىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىنىپ سىنچاي قويۇلىدۇ، ئاندىن تۆت مېھماننىڭ ئالدىغا بىر توققاز چېپىت، بىر لىگەندىن پىشۇرۇلغان گۆش تارتىلىدۇ، ئاندىن مايلىق، مايسىز گۆشلەر يۇمشاق چېپىتقا يۆگەپ يېيىلىدۇ، بۇنداق يېگەندە تولىمۇ مېزىلىك بولۇپ، زادىلا كۆڭۈلگە تەگمەيدۇ، ئاخىرىدا مېھمانلارغا شورپىغا سېلىنغان ئىنچىكە ئۈگرە ئاش كەلتۈرۈلىدۇ، مېھمانلار داستىخاندا ئېشىپ قالغان گۆش-ياغلارنى چېپىتلارغا ئوراپ زەللە قىلىپ ئېلىپ كېتىدۇ، كەلپىن مېھماندارچىلىقىدا چېپىتسىز مېھمان ئۇزۇتۇلمىغىنىدەك،

www.uyghurkitap.com

چىپپىتسىز زەللە بولمايدۇ، مېھماندارچىلىقتا ھەر تۆت ئادەمنىڭ ئالدىغا (زەللە ئېلىشتا ئاساسەن ئاياللار كۆزدە تۇتىلىدۇ) چوقۇم زەللىگە ئاشقىدەك چىپپىت قويۇلىدۇ، گۆش، پولومۇ شۇنداق، چۈنكى ساھىبخان مېھمانلارنىڭ ئۆيىدە قالغان بالىلىرىنى، كېسەل ئادەملەرنى كۆزدە تۇتۇپ شۇنداق قىلىدۇ، مېھماندارچىلىقتا زەللە ئالمايدىغان ئايال بولمايدۇ، بىرەرسى مېھمان ئۈزىمايلا كېتىپ قالغان بولسا ئۇنىڭ زەللىسىنى باشقىلاردىن ئەۋەتىپ بېرىدۇ، بۇ ئەھۋال كەلپىن خەلقىنىڭ تۇرمۇشىغا باشتىن ئاخىر سىڭىپ كەتكەن. مانا بۇ كەلپىن مېھماندارچىلىقىدىكى خاس، تىپىك شەكىلدۇر.

چىپپىتنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بار: بىرىنچىدىن، ئاسان پىشىدۇ، تېز ئەسقاتىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك، ئۇزۇن ساقلاشقا بولىدۇ. ئۇزۇن سەپەرلەرگە چىقىشتىن بۇرۇن چىپپىتنى ئازراقلا شامالدىتىپ پاختا رەختلەرگە ئورىۋالسا پەقەت بۇزۇلۇپ قالمايدۇ، بولۇپمۇ قېرى ـ ئاجىز، كېسەللەر، چىشى يوقلارغا سۈت، چاي، شورپىغا چىلاپ بەرسە خۇددى خولۇپ ئاشتەك ئۆتۈشلۈك ھەم يۇمشاق سىڭىشلىك تاماق بولىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، چىپپىتقا گۆش ـ مايلارنى پىياز بىلەن يۆگەپ يېگەندە ناھايىتى مېزىلىك بولۇشتىن باشقا، كۆڭۈلگە تەگمەيدۇ، قان بېسىمى، قاندا ماي مىقدارى ئېشىپ كېتىش، جىگەرنى ماي قاپلاشتەك كېسەللىكلەرگىمۇ زىيان قىلمايدۇ، شۇڭا گۆش يېيىشتىن قورقىدىغان بىمارلار ئاساسەن چىپپىتقا گۆشنى پىياز، شوخلا بىلەن يۆگەپ يەيدۇ. بىز كىچىك ۋاقتىمىزدا ئاپىمىز مېھماندارچىلىققا كەتسە ئىشىك تۈۋىدە ئاپامنىڭ زەللە ئېلىپ كېلىشىنى ساقلايتتۇق، ئاپام بىزگە چوقۇم چىپپىتقا يۆگەلگەن گۆش ياكى چىپپىتقا يۆگەلگەن پولو ئېلىپ كېلەتتى. چىپپىتقا يۆگەپ يېگەن پولومۇ ئاجايىپ مېزىلىك بولىدۇ، ئۇ ئادەت ھازىرمۇ



بار. ھازىر ياشلار ـ بالىلار كۆپىنچە چىپپىتقا ھالۋا، قايماق، مېۋە مۇراببالىرى، ياغسامساقلىق مۈچ قاتارلىق ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان يېمەكلىكلەرنى سۈركەپ يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ؛ تۆتىنچىدىن، چىپپىت زەللە قىلىشنىڭ ئەڭ ئىسىل ۋە ئەڭ پاكىز ئوراش ماتېرىيالىدۇر.

كەلپىن ناھىيىسىدە چىپپىتنىڭ تارىخى بىرقەدەر ئۇزۇن بولۇپ، ھازىرغىچە ئۇنىڭ قايسى يىللاردا، كىم تەرىپىدىن ئىجاد بولغانلىقىغا ئائىت ئېنىق مەلۇمات بولمىسىمۇ، لېكىن كەلپىندىكى پېشقەدەم ۋە ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلەرنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، چىپپىت 2000 يىللىق تارىخقا

ئۇيغۇر كىتاپ تورىدىكى www.uyghurkitap.com



ئىگە ئىكەن. شۇنچە يىللاردىن بېرى كەلپىن خەلقى ئۇنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ كەلگەن. كىشىلەر ئارىسىدا چېپىتنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئائىت مۇنداق بىر قاراش بار: كەلپىن ناھىيىسىنىڭ گەزلىك يېزىسى چېپىتنىڭ ئەسلى ئىجات قىلىنغان ماكانى بولۇپ، بۇ يېزىنىڭ كىلىماتى قۇرغاق، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى بەك چوڭ بولۇش قاتارلىق تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر بۇ جايدىكى كىشىلەرگە قورۇغان تاماق، كاۋاپ، كۆمەچكە ئوخشاش قۇرۇق ئىسسىق تاماقتىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچمىسا بولمايدىغانلىقى، گۆشنى سۇدا پىشۇرۇپ يېسە مىزاجىغا ياقىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بارا-بارا گۆشنى يەنە قانداق يېسە ئوبدان بولىدىغانلىقى توغرىسىدا كۆپ باش قاتۇرۇشۇپتۇ. ئاخىرى ئەقىللىق كىشىلەر ئىچىدىن بىرەيلەن نېپىزلىكى قەغەزچىلىك كېلىدىغان، تونۇرغا ئۇيىدىن چاپلاپ بۇيىدىن ئالىدىغان چېپىتنى ئىجاد قىلىپتۇ. شۇندىن باشلاپ بۇ يەرلىك كىشىلەر گۆشنى چېپىتقا يۆگەپ يەيدىغان، گۆشنىڭ شورپىسىغا چاچتەك ئىنچىكە ئۇگرە سېلىپ ئىچىدىغان بوپتۇ.

يەنە مۇنداق بىر رىۋايەت تارقالغان: بىر كۈنى كەلپىن دىيارىغا ئاچلىقتىن ئۆلەي دەپ قالغان نۇرغۇن مۇساپىر پەيدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ قۇتقۇزۇشىنى تەلەپ قىپتۇ. مېھماندوست كەلپىن خەلقى بۇ مۇساپىرلارنىڭ چىرايىدىكى بىچارىچىلىك ۋە ئاچارچىلىقنى كۆرۈپ يۈرەكلىرى ئۆرتۈنۈپ كېتىپتۇ ۋە دەرھاللا ھەربىرىگە كېلىپ، ئۆي-ئۆيىنى تەشكىللەپ قۇتقۇزۇشقا باشلاپتۇ. لېكىن بۇ كىشىلەر بەك جىق بولغاچقا كىشىلەرنىڭ ئۆيىدىكى يېمەكلىك دال بولالماپتۇ. شۇ پەيتتە ئارىدىن بىر كىشى ئوتتۇرىغا چىقىپ ھەم تېز پىشىدىغان، ھەم قورساقتا تۇرىدىغان نان يېقىشنى دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر بەس-بەستە نېپىز نان يېقىپتۇ. ياققانسېرى نېپىز يېقىپ ئاخىرى قەغەزدەك نېپىز نان ياققاندا، ئۆزلىرىدىن مەمنۇن بوپتۇ. بۇ نان ناھايىتى تېز ھەم پىشىق پىشقاچقا ھەممەيلەن مۇشۇنداق نان يېقىشقا باشلاپتۇ. ئۇلار بۇنى «چېپىت» دەپ ئاتاپتۇ. بىرەر سائەتتىلا نەچچە يۈز نېپىز نان پىشۇرۇپتۇ. بۇ ئۇسۇل ناننى ئەڭ تېز پىشۇرۇشتىكى مۆجىزە بوپتۇ. مۇساپىرلارمۇ تېزدىن تويۇنۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ چېپىت دۇنياغا كەپتۇ.

خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئېشىشىغا ئەگەشىپ بۇرۇنقى چوڭ-چوڭ مېھماندارچىلىقلاردىلا ئىشلىتىلىدىغان چېپىتنى ھازىر ئادەتتە ئۆيگە ئىككى مېھمان كەلسىلا تاپقىلى بولىدىغان بولدى، چۈنكى كەلپىن بازىرىدا خۇسۇسىيلارنىڭ مەخسۇس چېپىت يېقىش دۇكانلىرى ئېچىلدى. كەلپىن خەلقى بۇ ئۆزگىچە نان مەدەنىيىتىنى كەلگۈسىگە، تېخىمۇ كۆپ خەلققە يۈزلەندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ ئىزدەنمەكتە.

تەھرىرلىگۈچى: ئېلىقىز مۇھەممەد

# بىر جۈپ گۆھەر

مۇھەممەد يۈسۈپ

(ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى تەربىيىلەش مەركىزىدىن)

ئازادلىقتىن كېيىن مەملىكىتىمىز ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىشلىرىغا چوڭقۇر ئەھمىيەت بېرىپ، مەدەنىي مىراسلارغا بولغان تەتقىقاتنى كۈچەيتىپ، نۇرغۇنلىغان تارىخىي ئاسارىئەتىقىلەرنى قېزىپ چىقتى. مەن قاراخانىيلارنىڭ بەشىنچى سۇلتانى سۇتۇق بۇغراخان تارقاتقانلىقى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن بولغان بىر دانە دىنار(ئالتۇن پۇل) بىلەن بىر دانە دەرھەم(كۈمۈش پۇل) توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

2007-يىلى 7-ئاينىڭ 17-كۈنى مەن ئاتۇشلۇق XXX تىن بىر جۈپ دىنار، دەرھەم سېتىۋالدىم، بۇلارنىڭ سۈرىتى مەركىزىي ژۇرنالىنىڭ 2008 - يىللىق 2 - سانىنىڭ مۇقاۋىسىغا بېرىلدى. 1161 يىلدىن كېيىن بۇنداق ئېسىل، نەپىس، گۈزەل ئىشلەنگەن بىر جۈپ گۆھەرنىڭ بايقىلىشى ئىنسانىيەت ئالىمىنى زىلزىلىگە سېلىشى مۇمكىن. مەرھۇم سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «سۇتۇق بۇغراخان» دېگەن كىتابىدا شۇنداقلا تارىخ تەتقىقاتچىسى ۋېي لياڭتاۋنىڭ «قاراخانىيلار تارىخىدىن بايان»، تەتقىقاتچى جاڭ چىشياڭنىڭ «شىنجاڭ قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ پۇللىرى» ناملىق كىتابلاردا قاراخانىيلارنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى توغرىسىدا بىر قەدەر ئىلمىي، چىن، ئەتراپلىق مەلۇمات بېرىلگەن بولسىمۇ، ئەمما قاراخانىيلارنىڭ ئالتۇن، كۈمۈش پۇللىرى توغرىسىدا توختالمىغان، ھەتتا بۇ توغرىلىق بىرەر پارچە سۈرەتمۇ بېرىلمىگەن. پەقەت روسىيىلىك ئالىم ئى. ئا. داۋىدوۋىچ ئۆز ئەسىرىدە قاراخانىيلارنىڭ ئالتۇن، كۈمۈش پۇللىرىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت ئوبوروت قىلىنغانلىقى توغرىسىدا بىرقەدەر ئەتراپلىق مەلۇمات بەرگەن.

ھەممىگە مەلۇمكى، غەربكە كۆچكەن قەدىمكى ئۇيغۇرلار مىلادىيە 840-يىلى ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شىمالىي، جەنۇبىي قىسمى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى ئاساس قىلغان بۈيۈك قاراخانىيلار دۆلىتىنى قۇرغان. ئۇلار تاكى 1212-يىلىغىچە جەمئىي 372 يىل ھۆكۈم سۈرگەن. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، دۆلەت مۇداپىئەسى، پەن-



www.uyghurkitap.com

مەدەنىيەت، سودا، قاتناش، بىناكارلىق ۋە پۇل ـ مۇئامىلە ئىشلىرى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئىشلىرىنىڭ يۈكسىلىشىگە غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن.

مەندىكى پۇللارغا ھىجرىيە 333 ـ يىل نامى بېرىلگەن، ئۇ مىلادىيە 944 ـ، 945 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ قىممەتلىك گۆھەرنى ساتقۇچىنىڭ بۇ پۇلنى كەم، قەيەردە، قاچان تارقاتقانلىقى توغرىسىدا ھېچنىمىدىن خەۋىرى يوق بولسىمۇ، ئەمما گۆھەرنىڭ ئۇنىڭ ئائىلىسىدە نەچچە ئون ئەۋلاد ساقلىنىپ كەلگەنلىكى ناھايىتى ئېنىق. 1980 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئاتۇش سۇنتاغ يېزىسىدىن 17 مىڭ دانە 130 كىلوگرام كېلىدىغان قاراخانىيلار دەۋرىدىكى مىس پۇل قېزىۋېلىنغان. بۇ پۇللارغا ئايەت ھەم بىر قىسىم سۇلتانلارنىڭ نامى ئويۇلغان.

قاراخانىيلارنىڭ پۇل ـ مۇئامىلە ئىشلىرى توغرىسىدا روسىيىلىك ئالىم ئى. ئا. داۋىيدوۋىچ «بۇ دەۋردىكى پۇل ئوبوروتىدا ئىككى خىل ئالاھىدىلىك كۆرۈلگەن. بىرىنچى خىلى، ئۇنى ئىلگىرىكى دەۋر بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئالتۇن يەنى مېتال پۇلنىڭ رولى ئېشىپ بارغان. گەرچە ئۇ دانە بويىچە ئوبوروت قىلىنماستىن مىقدار بويىچە ئوبوروت قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئوبوروت ۋاستىسى فۇنكسىيىسىدە ئىلگىرىكى دەۋردىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن. نۇرغۇن شەھەرلەر مېتال پۇل سوقۇپ بازارغا سالغان، بۇنداق ئەھۋال ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان. ئىككىنچى خىل ئەھۋال ئاتالمىش(كۇمۇش)كىرىزىسى كۆرۈلگەن يەنى 11 ـ ئەسىردىن باشلاپ پۇلنىڭ ساپلىقى، ئېغىرلىقى تۆۋەنلەپ كەتكەن. سۈپىتى ناچار دەرھەملەر شەرقىي ياۋروپادا ئۆتمەيدىغان بولۇپ قالغان» دەپ مەلۇمات بەرگەن(بۇ مەلۇمات «شىنجاڭ قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ پۇللىرى» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى). بىز ئەمدى بۇ پۇللار بىلەن تونۇشۇپ ئۆتەيلى.

ئالتۇن پۇل(دىنار)دىكى خەت:

ئالتۇن پۇلنىڭ ئوڭ يۈزىدىكى خەت كۇفىي خەت نۇسخىسى بولۇپ، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى يۈكسەك دەرىجىدىكى قانۇنىيەت ۋە گۈزەل سەنئەت تۈسى ئالغان. ئوڭ يۈزىنىڭ مەركىزىگە بەش قۇر قىلىپ «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن. پۇلنىڭ چۆرىسىدىمۇ خەت بار بولۇپ، كۆپ قىسمى كېسىۋېتىلگەنلىكتىن ئوقۇشقا ئامال بولمىدى. تەتۈر يۈزىگە ئالتە قۇر قىلىپ «مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا ئەلقۇدرەتتۇللا ئەمرۇل دۆۋلەت ۋە ئەمرۇل مىللەت» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن. چۆرىسىدە «مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا ئەرسەلەھۇ بىلھۇدا ۋە دىينۇلھەققى لىيۇزھىرە ئەلەددىنى كۇللىھى ۋەلەۋ كەرىھە لمۇشرىكۇن» دېگەن خەت بار.

كۇمۇش پۇل(دەرھەم)دىكى خەت:

كۇمۇش پۇلنىڭ ئوڭ يۈزىدىكى خەت كۇفىي خەت نۇسخىسى بولۇپ، پۇلنىڭ مەركىزىگە تۆت قۇر قىلىپ «ۋاللاھۇ ئەھەد، ئاللاھۇ سەمەد لەمىيەلىت ۋەلەمىيۇلەد ۋەلەمىيەكۇنلەھۇ كۇفۇۋەن ئەھەد» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن. پۇلنىڭ چۆرىسىدىكى خەت دىنارنىڭ چۆرىسىدىكى خەت بىلەن ئوخشاش

بولغانلىقتىن ئەسلى خېتى ۋە تەرجىمىسى بېرىلمىدى. تەتۈر يۈزىنىڭ مەركىزىگە «لائىلاھە ئىللاللاھۇ ۋەھتەھۇ لاشەرىيكەلە» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن. چۆرىسىگە «بىسمىللاھى سەدەرە ھەززەت دەرھەمى بىۋاستەتىين خىسنەتى ئەربەئەۋەسسە بەئىيىن» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن. بۇ ئىسلام دىنى شىنجاڭغا كىرگەن شۇنداقلا سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ.

بىز ئەمدى ئىلگىرى تەتقىقاتچىلار تونۇشتۇرغان ئىككى دانە مىس پۇل بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى:

بىرى، ئاتۇشنىڭ سۇنتاغ يېزىسىدىن تېپىلغان، ئوڭ يۈزىگە «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلىللا»، تەتۈر يۈزىگە «ئەسسۇلتان مۇھەممەد ئارسلانخان» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن، چۆرىسىگە چېكىتلىك نەقىش بېرىلگەن. بۇ ئىنتايىن مۇكەممەل، بېجىرىم ساقلانغان بولۇپ، پادىشاھنىڭ نامىدىن باشقا ھېچقانداق يىلنامە چۈشۈرۈلمىگەن. بۇ پۇلنى جاڭ جىشياڭ ئەپەندى «شىنجاڭ قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ پۇللىرى»(شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى) دېگەن كىتابىدا ئالاھىدە تونۇشتۇرغان.

يەنە بىرىمۇ ئاتۇشنىڭ سۇنتاغ يېزىسىدىن تېپىلغان، ئوڭ يۈزىگە «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلىللا» دېگەن خەت، تەتۈر يۈزىگە «مەلىكۇلئەلا مەسئۇد ئىبراھىم» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن، ئىككى يۈزىنىڭ چۆرىسىگە خەت بېرىلگەن بولسىمۇ، ئېنىق بولمىغاچقا، ئوقۇش ئىمكانىيىتى بولمىدى، بەلكىم مەلۇم يىلنامىنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن. بۇ پۇل مېنىڭ «شىنجاڭ تارىخىدىكى پۇللار»(شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994 ـ يىلى نەشرى) دېگەن كىتابىمدا تونۇشتۇرۇلغان.

بۇ ئىككى مىس پۇل قاتارىدىكى بىر يۈرۈش پۇلغا چۈشۈرۈلگەن خەتلەرنى مەرھۇم مۇھەممەد تۇرسۇن باھاۋۇدۇن ئەپەندى، يۇسۇپ داموللا ھاجى، ئىسراپىل يۇسۇپ، ئابدۇۋەلى ئېلى، قۇربان ۋەلى، ئابلا غازى قاتارلىق كىشىلەر كۆپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئوقۇپ چىققانىدى. يۇقىرىدا تونۇشتۇرغان دىنار بىلەن دەرھەمگە چۈشۈرۈلگەن خەت ۋە ئايەتلەر دەل مۇھەممەد ئارسلانخان بىلەن تابغاچ ئىبراھىمخان مىس پۇللىرىغا چۈشۈرۈلگەن خەت بىلەن بىردەك. پۇلنى سوقۇش ۋە خەت چىقىرىش ئۇسلۇبىمۇ ئوخشاش بولۇپ، ئاۋۋال ئالتۇن، كۈمۈشنى سوقۇپ نېپىز تەكشىلەپ يۇملاقلاپ ئۈستىگە ياغاچ بولقا بىلەن پولات خەت قېلىپىنى ئۇرۇپ، خەت ۋە چەمبەر ئىزىنى چىقارغان. پۇلغا سوقۇلغان ئايەت ۋە چەمبەرلەر سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش ھەمدە ئومۇملاشتۇرۇش جەريانىدىكى ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. مۇشۇ ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتقاندا ۋە ئۆزەمنىڭ ئۇزۇن مۇددەت مۇشۇ ساھەدە ئىشلىگەن تەتقىقاتلىرىم ھەم تەجرىبەمگە ئاساسلانغاندا، بۇ پۇللارنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پۇلى ئىكەنلىكى ئېھتىمالغا يېقىن، بۇنى يەنىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

تەھرىرلىگۈچى: مەرھابا شاۋۇدۇن

www.uyghurkitap.com

# يۇرتىمىز تارىخىدا قوللىنىلغان قەدىمكى ئۆلچەم بىرلىكلىرى

نىياز كېرىمى تۆپەئاتا

نۆۋەتتە گەرچە قەدىمكى ئۆلچەم بىرلىكلىرى ئەمەلدىن قالغان بولسىمۇ، ئەمما رىۋايەت-چۆچەكلەردە، تارىخ-تەزكىرە ماتېرىياللىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. بەزىلىرى ھازىرمۇ خەلقىمىز ئىچىدە قوللىنىلىۋاتىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن ئىلگىرى شىنجاڭدا يول مۇساپىسىنى ئۆلچەشتە «تاش»، «يىغاچ»، «پەرسەخ»، «چاقىرىم»، «يول» قاتارلىق ئۆلچەم بىرلىكلىرى قوللىنىلغان.

تاش: مۇساپە ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، ئۆزبېكىستاندا نەشر قىلىنغان «پەن ۋە تۇرمۇش» ژورنىلىنىڭ 1985-يىللىق 1-سانىدا بىر تاش 8.5 كىلومېتىرغا تەڭ، دەپ كۆرسىتىلگەن. قەدىمكى كىتابلاردا بىر تاش سەككىز چاقىرىم يەنى 12 مىڭ قەدەم ياكى سەككىز رۇس مىلى كېلىدۇ، دەپ كۆرسىتىلگەن.

يىغاچ: مۇساپە ئۆلچەم بىرلىكى، بىر يىغاچ سەككىز كىلومېتىر ياكى 16 يول كېلىدۇ.

پەرسەخ: مۇساپە ئۆلچەم بىرلىكى. قەدىمكى كىتابلىرىمىزدا پەرسەخ تۆگە بىلەن بىر سائەتلىك يول، دەپ كۆرسىتىلگەن (كىلومېتىرغا سۇندۇرغاندا بىر پەرسەخ 6.24 كىلومېتىرغا تەڭ بولىدۇ).

بۇرۇن ھەر پەرسەخ ئارىلىققا بىردىن بەلگە تاش ئورنىتىلاتتى. بۇ تاش كۇنۇس شەكىللىك بولۇپ، ئۈستىگە مۇساپە سانى يېزىلاتتى. رۇس پولكوۋنىكى گېئوگرافىك ئا.ن.كروپاتكىن «قەشقەرىيە» دېگەن كىتابىدا قەشقەر بىلەن كورلا ئارىلىقىدا بۇنداق تاش بەلگىلەرنى كۆپ كۆرگەنلىكىنى بايان قىلغان.

چاقىرىم: ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە، چاقىرىم، ۋېرستا (俄里) بىلەن ئوخشاش ئىكەن. ئۆزبېكىستاندا نەشر قىلىنغان «ئۆزبېك ئېنسىكلوپېدىيىسى»دە بىر چاقىرىم 1.06 كىلومېتىرغا تەڭ دەپ كۆرسىتىلگەن. رۇسچە كىتابلاردا بىر ۋېرستا (چاقىرىم) 1.068 كىلومېتىر، يەنى 1500 قەدەمگە تەڭ، دەپ كۆرسىتىلگەن. قازاقىستاندا نەشر قىلىنغان «قازاق ئېنسىكلوپېدىيىسى»دە بىر چاقىرىم 1.07 كىلومېتىرغا تەڭ، دەپ كۆرسىتىلگەن.

«ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»نىڭ 2-تومىدا «چاقىرىم مېتىر سىستېمىسى قوبۇل قىلىنغانغا قەدەر قوللىنىلغان يەرلىك ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، بىر چاقىرىم ئۇزۇنلۇق ئادەتتە 1.06 كىلومېتىرغا تەڭ كېلىدۇ» دېيىلگەن.

چاقىرىم مېتىر سىستېمىسىغا توغرا كەلمىگەچكە قوللىنىش ئەپسىز. بەزى مەتبۇئات ئورۇنلىرى يول(里) بىلەن چاقىرىم(俄里)نى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ ئىككى بىرلىكنى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن.

يول: مۇساپە ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، بىر

يول 500 مېتىرغا تەڭ، قەدەم ھېسابىدا 700 قەدەمگە تەڭ.

تۈر-تۇرا: جەنۇبىي شىنجاڭدا مۇساپە ئۆلچەشتە تۈر-تۇرا ئۆلچىمىمۇ قوللىنىلغان. تارىختىكى ھاكىمىيەتلەر ھەربىي ئېھتىياج تۈپەيلى مۇھىم يوللارنى بويلاپ نۇرغۇن تۇرلارنى ياسىغان، ئەينى چاغدا تۇرلار بەلگە بېرىش قۇرالى بولسىمۇ، يەنە مۇشۇ تۇرلارغا ئاساسەن مۇساپە ھېسابلىناتتى. تاكى بۈگۈنگىچە خەلق ئىچىدە «مۇنچە تۈر-پوتەي يول يۈردۈم» دەپ سۆزلەيدىغان كىشىلەر بار.

قەشقەر بىلەن ئاقسۇنىڭ ئارىلىقى 453 (967 يول، 483.5 كىلومېتىر) چاقىرىم بولۇپ، جەمئىي 166 تۈر بار ئىدى. بۇ تۇرلارنىڭ ئارىلىقلىرى ئوخشاشمايدىغان بولۇپ، 1 ~ 4 چاقىرىمغىچە كېلەتتى. «تارىخى ئەمىنىيە»دە «بىر پوتەي تەخمىنەن تۆت كىلومېتىرغا تەڭ» دەپ كۆرسىتىلگەن. («تارىخى ئەمىنىيە» 117-بەت)

شەرئى: مۇساپە ئۆلچىمى، بىر شەرئى ئۈچ كىلومېتىردىن ئۇزۇنراق.

كۇرۇھ: ھىندىستاندا كۆپرەك قوللىنىلىدىغان بىر خىل قەدىمىي مۇساپە ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، بىر كۇرۇھ ئارىلىق 4000 قەدەم بولىدۇ.

قەدەم: ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى، بىر قەدەم 71.5 سانتىمېتىرغا تەڭ.

بىر قەدەم بىر يېرىم قارىغا تەڭ، بىر قارى ئالتە تۇتامغا تەڭ، بىر تۇتام تۆت ئىلىككە تەڭ، بىر ئىلىك ئالتە ئارپا دانىسىنىڭ كەڭلىكىگە تەڭ.

بىر قەدەم = توققۇز تۇتام = بىر يېرىم قارى بولىدۇ.

تاناپ: يەرنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم بىرلىكى، ئىلگىرى دېھقانچىلىق بېجى ئېلىنىشتا بىر تاناپ يەر بىرلىك قىلىناتتى. بىر تاناپ ئۇزۇنلۇق 40 قەدەمگە توغرا كېلىدۇ يەنى يۈز تاناپ بىر كۇرۇھقا تەڭ.

گۆڭ: ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى، بىر گۆڭ 1.66 مېتىرغا تەڭ.

قېرى: ماتا رەختىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم بىرلىكى. بىر قېرى 26 ~ 28 دىيوم ياكى 64.04~71.12 سانتىمېتىرغا تەڭ كېلىدۇ.

نەيزە بويى: ئېگىزلىك ئۆلچىمى بولۇپ، ئادەتتە ئىككى مېتىر ھېسابلىنىدۇ.

جارىپ: يەر كۆلىمىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم بىرلىكى. بىر جارىپ 966 كۋادرات مېتىرغا تەڭ.

پاتمان: بىر پاتمان 57.3 كىلوگرامغا تەڭ.

قاداق: ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى، بىر قاداق 0.454 كىلوگرامغا تەڭ.

پۇت: ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى، بىر پوت 16.3 كىلوگرامغا تەڭ.

چارەك: ئاشلىق ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم، بىر چارەك بۇغداي 24 قاداق بولىدۇ، بىر چارەك قوناق 26 قاداق ياكى 25 قاداق ئارپىغا تەڭ.

خەرۋەر: ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى، بىر خەرۋەر بىر ئېشەك يۈكى ئېغىرلىقىغا تەڭ.

تارىختا ئەجدادلىرىمىز كۈندىلىك تۇرمۇشتا يۇقىرىدا دېيىلگەن ئۆلچەم بىرلىكلىرىنى قوللانغاندىن سىرت يەنە غۇلاچ، غېرىچ، ئىلىك، گەز، ئۆلاق، ئوچۇم، توقۇم، سىقىم، چاڭگال، چىمدىم، كۇرە، تاغار، دادەن، ئىششەك، نىمئىششەك، تاشلىق (تاشلىق سۇ) دېگەندەك ئۇزۇنلۇق، ئېغىرلىق، كۆلەم، ھەجىم ئۆلچەم بىرلىكلىرىنىمۇ قوللانغان.

تەھرىرلىگۈچى: پولات ھېمىت

تۈركىي تىللار كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# خانىش سىشى تەيخۇ نېمە ئۈچۈن شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشنى قوللىغان؟

چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 3 ـ يىلى (1864 ـ يىلى) ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقان خانلىقى ھەربىي ئەمەلدار ياقۇپبەگنى ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا تاجاۋۇز قىلىشقا ئەۋەتتى. ياقۇپبەگ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى سەككىز شەھەرنى ھۇجۇم بىلەن ئىگىلىدى، ئۇزۇن ئۆتمەي تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ئۈرۈمچى، ماناسلارنىمۇ ئىشغال قىلىۋالدى، 1867 ـ يىلى «يەتتەشەھەر خانلىقى»نىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

1870 ـ يىلى ياقۇپبەگ شىنجاڭنى مەڭگۈ ئىگىلىۋېلىش، شىنجاڭ زېمىنىنى قوقان خانلىقىنىڭ زېمىنى قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئاشكارا يەر بېجى ئېلىشقا باشلىدى ھەمدە خەنزۇ، مۇسۇلمان خەلقلىرىگە بىردەك ئەنجانلىقلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە ئىش كۆرۈش، چېچىنى كېسىش، كىيىمىنى ئۆزگەرتىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇ چاغدا چاررۇسىيەمۇ شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىغا قول تىقىشقا باشلىدى.

1871 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا چاررۇسىيە قوشۇنى چېگرىدىن ئۆتۈپ ئىلىدىكى توققۇز قەلئەنى بېسىۋېلىپ، «ئەمەلدار قويۇپ، مۇداپىئە قوشۇنى تۇرغۇزدى، سودىنى يولغا قويدى، ئىلىنىڭ مەڭگۈ چاررۇسىيەگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئاشكارا تەكىتلىدى» ھەمدە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە «ئىلىنى ۋاكالىتەن قايتۇرۇۋالدۇق، ۋاقتىنچە ئەسكەر كىرگۈزۈپ ساقلايمىز» دەپ بىلجىرلىدى.

دەل شۇ چاغدا ياپونىيە ئېلىمىزنىڭ تەيۋەن ئۆلكىسىنى بېسىۋالدى. غەربىي شىمال ھەمدە شەرقىي جەنۇب تەرەپتىكى چېگرىلار بىرلا ۋاقىتتا خەۋپ ئاستىدا قالدى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە دېڭىز، قۇرۇقلۇق تەرەپتىن تەڭلا مۇداپىئە كۆرۈش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى.

لى خۇڭجاڭ ۋەكىللىكىدىكى دېڭىز مۇداپىئەسى ئېقىمىدىكىلەر شىنجاڭدىن ۋاز كېچىشنى، زو زۇڭتاڭ ۋەكىللىكىدىكى قۇرۇقلۇق مۇداپىئەسى ئېقىمىدىكىلەر شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشنى قەتئىي تەشەببۇس قىلدى.

ئەينى چاغدا ئوردىدىكىلەرنىڭ تەڭدىن تولىسى لى خۇڭجاڭنىڭ كۆز قارىشىنى قوللىدى. كاتتا ئۆلىما ۋېن شياڭ بىلەن خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ باش مۇپەتتىشى ۋاڭ ۋېنشياۋلار زو زۇڭتاڭنىڭ تەشەببۇسىنى قوللىغان بولۇپ، بۇلار ئاز سانلىقلار ئىدى.

خانىش سىشى تەيخۇ ئاخىرقى ھۆكۈمنى چىقىرىشتا زو زۇڭتاڭنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل



قىلدى. نەتىجىدە زو زوڭتاڭ لەشكەر تارتىپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ، ئىككى يىل ئىچىدە شىنجاڭدىكى قولدىن كەتكەن جايلارنى قايتۇرۇۋالدى ھەمدە شىنجاڭنى رەسمىي ئۆلكە قىلىپ، ۋەتەن زېمىنىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى ساقلاپ، چارروسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ۋە كېڭەيمىچىلىكىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ قالدى. ئۇنداقتا خانىش سىشى تەيخۇ نېمە ئۈچۈن زو زوڭتاڭ قاتارلىق ئاز سانلىقلارنىڭ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش تەكلىپىنى قوللىدى؟

بىرىنچىدىن، زو زوڭتاڭ كۆرسەتكەن سەۋەبنى تولۇق ئاساسقا ئىگە دېيىشكە بولىدۇ: دۆلەتنىڭ ئامان بولۇشى ياكى بوھرانغا ئۇچرىشىدا شەرقتىكى دېڭىز مۇداپىئەسى بىلەن غەربتىكى قۇرۇقلۇق مۇداپىئەسى ئوخشاشلا مۇھىم، ئۇلارنىڭ بىرىگە ئېتىبار بېرىپ، بىرىدىن ۋاز كېچىشكە بولمايدۇ. زو زوڭتاڭنىڭ مەلۇماتىنى بۈگۈنكى كۈندە كۆرىدىغان بولساقمۇ، ئۇنىڭ تولىمۇ پاساھەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىۋالالايمىز، ئالايلۇق:

1. «شىنجاڭنىڭ زېمىنى ئىنتايىن كەڭ، ئۇ مەملىكەت زېمىنىنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئىگىلەيدۇ، ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. مېنىڭچە ۋەتەن زېمىنىنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئىگىلەيدىغان مۇنبەت تۇپراقنى ئەمەس، بىر غېرىچ يېرىنىمۇ چەت ئەللىكلەرگە ئوڭايلىقچە بېرىۋېتىشكە بولمايدۇ.»

2. «بەزىلەر ئۇلارنىڭ مىلتىق، زەمبىرەكلىرى بار، ئۇلارنى يېڭەلمەيمىز، دەيدىكەن. مېنىڭچە قوشۇننى خىللاشتۇرۇپ، مەشىقنى كۈچەيتىپ، ئىنتىزامنى چىڭىتساق، پىداكارلىق بىلەن جان تىكىپ ئۇرۇش قىلىش ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرساق، ئاجىزلىقتىن كۈچىيىپ، يىراقتىن كەلگەن بۇ ئىككى دۈشمەننى مەغلۇپ قىلالايمىز.»

3. «شىنجاڭ بىلەن غەربىي شىمالدىكى ئۆلكىلەر بىر پۈتۈن جۇڭگونىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى. ئادەم پۇت-قولىدىن ئايرىلسا تۈزۈك ياشىيالمايدۇ. ئېھتىمال لى خۇڭجاڭ پۇت-قولى بولمىسىمۇ ياشاۋېرىدىغان ئوخشىمامدۇ ... (لى خۇڭجاڭ ئىلگىرى شىنجاڭنى ئادەمنىڭ پۇت-قولىغا ئوخشاتقان. ئۇ پۇت-قول بولمىسىمۇ ھاياتلىققا زەخىم يەتمەيدۇ، دېڭىز مۇداپىئەسى يۈرەك، ئۇ بولمىسا ئادەم ئۆلىدۇ، دېگەن).

4. «لى خۇڭجاڭ ‹شىنجاڭدىكى شەھەرلەر چيەنلۇڭ يىللىرىدا جۇڭگوغا تەۋە بولغان› دەيدۇ. بۇ ئەسلىنى ئۇنتۇغانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس! غەربىي شىمال جۇ، چىن، خەن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىن تارتىپلا مەۋجۇت بولۇپ، تەۋەلىك مۇناسىۋىتى ئورنىتىلغان. تارىختىكى ھەرقايسى سۇلالىلەرگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ھەر قېتىم دۆلەت مۇنقەرز بولغاندا شەرقىي جەنۇبنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن غەربىي شىمالدىن ۋاز كېچىمىز، نەتىجىدە پۈتكۈل مىللەت بالايى-ئاپەتكە دۇچ كېلىدۇ. قىسقىسى، غەربىي شىمالنى ساقلاپ قالغاندىلا، شەرقىي جەنۇبنى تىزگىنلىگىلى بولىدۇ؛ شەرقىي جەنۇبنىلا ساقلاپ قالىمىز دەيدىكەنمىز، شەرقىي جەنۇبنى ساقلاپ قالغىلى بولمايلا قالماستىن، ئەڭ ئاخىرىدا

غەربىي شىمالنىمۇ قولدىن بېرىپ قويىمىز.»

5. «چيەنلۇڭ خان غەربىي شىمالدىكى تۇپىلاڭنى بېسىقتۇرۇش، جۇڭغارلارنى تىنچىتىش، مۇسۇلمانلارنى ئەمىن تاپقۇزۇش، شىنجاڭدا ھەربىي مەھكىمە قۇرۇش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللانغان يۈز نەچچە يىلدىن بۇيان ئىچكىرى ئۆلكىلەر ئۇرۇش خەۋپىدىن قۇتۇلدى، ئاۋام تىنچ-خاتىرجەم ياشايدىغان بولدى. لى خۇڭجاڭنىڭ شۇنچە زور تۆھپىنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىشتىكى مەقسىتى نېمە؟»

6. «شىنجاڭ زېمىنى 1 مىليون 600 نەچچە مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ زېمىننىڭ ھەممىلا يېرى مۇنبەت، بايلىقى مول. ئۇ يەر ھەرگىزمۇ لى خۇڭجاڭ دېگەندەك ‹نەچچە مىڭ چاقىرىمغا سوزۇلغان قاقاسلىق› ئەمەس. تارىختىكى ھەرقايسى سۇلالىلەردە ھەر قېتىم دۆلەت مۇنقەرز بولغاندا، نەزەر دائىرىسى تار بەزى ئادەملەر ھەمىشە شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ گۆھەر زېمىندىن ۋاز كېچىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەينى زاماندا چيەنلۇڭ خان ئۇرۇشقا ئاتلىنىدىغان چاغدىمۇ بەزىلەر گۇڭ كۆتۈرمەيدۇ، دەپ بۇ ئىشقا قارشى چىققان. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، شىنجاڭنى قولغا كەلتۈرۈشكە قارىغاندا ئۇنى ساقلاش تېخىمۇ تەسمىش. ئەينى زاماندا گۇڭ زىجېن① ئۇلارنى ‹نەزەر دائىرىسى تار، ئەقلى يوق›، ‹پەس› ... ئادەملەر، دەپ قاتتىق ئەيىبلىگەن.»

ئىككىنچىدىن، خانىش سىشى تەيخۇ «ئاتامىراس تۇزۇم»نى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. چىڭ سۇلالىسىنى قۇرغۇچىلارمۇ مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەتراپتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئېتىبار بەرمەي مۇنقەرز بولغانلىقىدەك ساۋاقنى قوبۇل قىلىپ، موڭغۇل دىيارى، شىنجاڭ، تىبەت قاتارلىق جايلارغا خەيرخاھلىق قىلىش، تۇتۇپ تۇرۇش سىياسىتى يۈرگۈزۈشكە ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. چۈنكى شىنجاڭدا مۇقىمسىزلىق كۆرۈلسە، باشقا رايونلارغىمۇ زەنجىرسىمان تەسىر كۆرسىتەتتى.

دەل شۇ كۈنلەردە تەيۋەن مەسىلىسى ھەل بولدى. 1875-يىلى 6-ئايدا خانىش سىشى تەيخۇ زو زۇڭتاڭنى شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى نازارەت قىلىدىغان خان مۇپەتتىشى قىلىپ تەيىنلىدى. شېن باۋجېن جەنۇبىي دېڭىز مۇداپىئەسىگە، لى خۇڭجاڭ شىمالىي دېڭىز مۇداپىئەسىگە نازارەتچى بولدى. زو زۇڭتاڭ شىنجاڭغا لەشكەر تارتىش ھوقۇقىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، 1876-يىلى 60 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ شىنجاڭغا يۈرۈش قىلدى.

ئىزاھ:

① گۇڭ زىجېن (1792 ~ 1841) چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ئۆتكەن مۇتەپەككۇر، ئەدىب، جېجياڭ ئۆلكىسى خاڭجۇ شەھىرىدىن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۈرلۈك ئىللەتلىرىنى پاش قىلىپ ئەسەرلەرنى يازغان (تەرجىماندىن).

خەنزۇچە «كونا خەۋەرلەر» گېزىتىنىڭ 2007-يىلى 12-ئاينىڭ 6-كۈنىدىكى سانىدىن

تەرجىمە قىلغۇچى: مەسئۇد خالىت

# «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. شەخسلەر تەزكىرىسى»دىن

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

## پانتېكىن

پانتېكىن (؟ــ870)، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شاھزادىسى، غەربكە كۆچكەن 15 قەبىلىنىڭ سەردارى.

ئۇيغۇر بىلەن قىرغىزلار ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەت ناھايىتى چوڭقۇرلىشىپ كەتتى. 840 ـ يىلى قىرغىز قاغانى ئارو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا نىزاھ پەيدا بولغان ۋە خانلىق ئېغىر تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچرىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، 100 مىڭ لەشكەر بىلەن جەنۇبقا ھۇجۇم قوزغاپ، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختىنى ۋەيران قىلىپ قاسار قاغاننى ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار تارقىلىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى پايتەخت ئەتراپىغا جايلاشقان 13 قەبىلە سەردارى ئۆگە تېكىننىڭ باشچىلىقىدا جەنۇبتىكى سوزى تېغىغا قېچىپ بېرىپ قايتىدىن دۆلەت قۇردى. ئۆگە تېكىن ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلاپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ نام بېرىشىگە ئېرىشتى. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بۇيرۇقى(ۋەزىرى) ساۋچى جىيەن ئوغلى پانتېكىن قاتارلىق بەش ئاكا ـ ئۇكىنىڭ ئۆز قارمىقىدىكى 15 قەبىلىنى باشلاپ غەربكە كۆچۈشنى ھىمايە قىلدى.

841 ـ يىلى قىرغىزلار تۇبۇتلەر بىلەن بىرلىشىپ، ئەسلىدە ئۇيغۇر خانلىقىغا قاراشلىق بولۇپ كەلگەن ئەنشى بىلەن بېشبالىقنى ئىشغال قىلدى. ئارقىدىن غەربكە كۆچۈۋاتقان ئۇيغۇرلارغا زەربە بەردى. ئۇيغۇرلار ئىككى تارماققا بۆلۈنۈشكە مەجبۇر بولدى. بىر تارمىقى شەرققە قېچىپ تۇبۇتلەر ئىشغال قىلىپ تۇرۇۋاتقان گەنجۇ (بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جاڭيې شەھىرى) غا كەلدى. يەنە بىر تارمىقى پانتېكىننىڭ باشچىلىقىدا جەنۇبقا مېڭىپ، تەڭرىتاغدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىۋاتقان تۈركلەرنىڭ ئاشىنا كۇلچۇر قەبىلىسىنىڭ قالدۇق كۈچىنى ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلدى. تۇبۇتلەر بىلەن قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمىدا چېچىلىپ كەتكەن ئۇيغۇرلارنى توپلاپ، كىنگىت ئەتراپىدىكى شەھەرلەرنى ئىشغال قىلىپ، ئەنشى ئۇيغۇر دۆلىتىنى قۇردى. ئۆگە تېكىن ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىۋالغان بولغاچقا، پانتېكىن ئۆزىنى يابغۇ دەپ جاكارلاشقا مەجبۇر بولدى ۋە كىنگىت شەھىرىنى پايتەخت قىلدى.

846 ـ يىلى ئۆگە تېكىن ۋەزىر يىمىن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. تەختكە ئۇنىڭ ئىنىسى ئىنان تېكىن ۋارىسلىق قىلدى. 848 ـ يىلى ئىنان تېكىن قاغان غەربكە قېچىشقا مەجبۇر بولۇپ ئىز ـ دېرەكسىز يوقىلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار باشسىز قالغاندا پانتېكىن ئۆزىنى ئۇلۇغ تەڭرىدىن بولمىش قۇتلۇق قاغان دەپ جاكارلىدى.

پانتېكىن ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىغاندا، خېشى رايونىدا جاڭيىچاۋ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، شاجۇ، گەنجۇ، سۇجۇ، ئىۋىرغول ئايماقلىرىنى تۇبۇتلەرنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى، تاڭ سۇلالىسى بۇ رايوندا بەيئەتچىلەر قوشۇنى قۇرۇپ، جاڭيىچاۋنى ھىراۋۇل قىلدى. پانتېكىن تېزلا جاڭيىچاۋ بىلەن ئالاقە ئورناتتى.

850 ـ يىلى پانتېكىن ۋەزىر ئەننىڭنى قوشۇن بىلەن شىمالغا يۈرۈش قىلدۇرۇپ، تاڭ سۇلالىسى ئۈچۈن قوچۇنى قايتۇرۇۋالدى ھەمدە جاڭيىچاۋنىڭ



ئەلچىسىگە قوشۇپ تاڭ سۇلالىسىغا ئەلچى ئەۋەتتى. تاڭ خانى شۈەنزۇڭ ئەننىڭغا پەرۋاز قىلغۇچى سانغۇن، سۇلقانات شىرمەت چەۋەندازلار ياساۋۇلخانىسىنىڭ ئۇلۇغ سانغۇنى دېگەن نامنى ئىنام قىلدى.

856 ـ يىلى پانتېكىن ئوردىغا كەينى ـ كەينىدىن ئۈچ قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ تارتۇق تاپشۇردى ۋە نام بېرىشنى تەلەپ قىلدى. تاڭ خانى شۈەنزۇڭ پانتېكىنگە سەلتەنەت قۇچقان قاغان دېگەن نامنى بېرىپ، بۇنى يەتكۈزۈشكە ۋاڭ دۇەنجاڭنى ئەلچى، لى شۈننى مۇئاۋىن ئەلچى قىلىپ يولغا سالدى. كېيىنكى يىلى 6 ـ ئايدا ۋاڭ دۇەنجاڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قارلىقتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكى (بوگۇنكى قومۇل ئەتراپى) گە يېتىپ كەلگەندە توبۇتلەرگە بېقىنغان ئاسىي ئۇيغۇرلار دۆلەت خېتى بىلەن خان يارلىقىنى بۇلاپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ۋاڭ دۇەنجاڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىيالمىدى، شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ئەملى چۈشۈرۈلۈپ جياجۇ ئايمىقىنىڭ ئەمىر لەشكىرى بولدى.

870 ـ يىلى ئەنشى ئۇيغۇر دۆلىتىدە ئىچكى نىزا يۈز بېرىپ، پانتېكىن قول ئاستىدىكىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

## ۋېيسا تەڭرىخان

ۋېيسا تەڭرىخان (لى شېڭتيەن ؟ـ 961) ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ خانى. ئۇنىڭ فامىلىسى ۋېيسا سامباۋا ئىدى. ئەسلىدە ۋېيسا خانلىقىنىڭ خانى تاڭ سۇلالىسى خان جەمەتىنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن بولغاچقا، ۋېيسا سامباۋا ئۆزىنى تاڭ سۇلالىسىدىكىلەر بىلەن قان ـ قېرىنداش ھېسابلاپ، فامىلىسىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەر ئالدىدا لى (李)دەپ، شاھلىق نامىنى تەڭرىخان 圣天 دەپ ئاتىغان. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەر ئۇنى لى شېڭتيەن دەپ ئاتايدىغان بولغان، ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى كۆمۈلۈپ قالغان. ئۇ 912 ـ يىلى تەختكە چىقىپ يىلنامىنى تۇڭچىڭ دەپ ئاتىغان. ۋېيسا سامباۋا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن سىڭلىسىنى خېشىدىكى خەنزۇ بۆلۈنمە ھاكىمىيىتى ـ غەربىي خەن جىنشەن دۆلىتىنىڭ ئاق كىيىملىك شاھزادىسى جاڭ چېڭفېڭغا ياتلىق قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي ساۋيىجۇننىڭ بەيئەتچىلەر قوشۇنى بۆلۈنمە ھاكىمىيەت قۇرۇپ، غەربىي خەن جىنشەن دۆلىتىنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى. ۋېيسا سامباۋا ساۋيىجۇن بىلەن قۇدىلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، ساۋيىجۇننىڭ قىزىنى ئەمرىگە ئالدى.

938 ـ يىلى ۋېيسا سامباۋا ماجىرۇڭنى ئەلچى قىلىپ، جىن سۇلالىسىنىڭ گاۋزۇ خانى شىجىڭتاڭغا قىزىل تۇز، قاغا تىرنىقى، قاشتېشى، زىلچا، قوتاز قۇيرۇقى قاتارلىق ئالاھىدە يەرلىك مەھسۇلاتلارنى تارتۇق قىلدى. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا جىن سۇلالىسىنىڭ خانى گاۋزۇ ئولپانبېگى جاڭ كۇاڭيىنى ئەلچى، ھۆدەيچى گاۋ جۇخۇنى ئورۇنباسار ئەلچى قىلىپ ئۇدۇنغا ئەۋەتىپ، ۋېيسا سامباۋاغا ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن خانى دېگەن نامنى بەردى.

942 ـ يىلى ۋېيسا سامباۋا تۇتۇق ليۇ زەيشېڭنى جىن ئوردىسىغا ئەۋەتىپ، ئوردىغا 1000 جىڭ قاشتاش ماتېرىيال، قاشتاش مۆھۈر، ئوغۇز دەستىسى قاتارلىقلارنى تارتۇق قىلدى.

948 ـ يىلى ۋېيسا سامباۋا يەنە ۋاڭ جىدۇنى جىن ئوردىسىغا ئەۋەتىپ، ئوردىغا داڭلىق ۋە قىممەتلىك يەرلىك مەھسۇلاتلارنى تارتۇق قىلدى.

961 ـ يىلى ۋېيسا سامباۋا بيەنجىڭ (خېنەن ئۆلكىسىنىڭ كەيفېڭ شەھىرى) گە ئەلچى ئەۋەتىپ، شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا بىر قاشتاش ئۆلچىگۈچ، بىر قاشتاش قۇتا، بىر قاشتاش تەكىيە تارتۇق قىلدى. ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ مانى دىنى ئۇستازى سىرلاق لوڭقىدىن ئىككىنى ۋە بىر توپ پارس كىمخابى تارتۇق قىلدى.

964 ـ يىلى ۋېيسا سامباۋا چوڭ ئوغلى دېسۇڭ، 2 ـ ئوغلى سۇڭلىيەن، 3 ـ ئوغلى زۇڭيۈەننى بۇتقا تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن دۇنخۇاڭغا ئەۋەتتى. بۇ ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا ‹saddarma sutra› نىڭ 4 ـ تومىنى ئېلىپ، دۇنخۇاڭدىكى موگاۋ غارىدا ئۆتكۈزۈلگەن

كاتتا بۇددا يىغىلىشىغا قاتناشتى. دېسۇڭ بۇددا يىغىلىشىغا ئىنتايىن نەپىس ئىشلەنگەن بىر كۈمۈش مۇنار تەقدىم قىلدى، سۇڭلىيەن بىلەن زۇڭيۇەن ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ، مىڭئۆينىڭ تاملىرىغا رەڭلىك رەسىملەرنى سىزدۇردى ۋە ئىسمىنى يېزىپ خاتىرە قالدۇردى.

965 ـ يىلى ۋېيسا سامباۋا راھىب شەنمىڭ بىلەن شىيەنفانى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردىسىغا ئەۋەتتى. سۇڭ خانى تەيزۇ بۇ ئىككى راھىبنى ئالاھىدە ئەتىۋار بىلەن كۈتۈۋېلىپ، ئۇلارغا بىر قۇردىن ئالىي دەرىجىلىك راھىبلار كىيىمى ئىنئام قىلدى. ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ ۋەزىرى راھىب شەنمىڭ ئارقىلىق سۇڭ سۇلالىسىنىڭ زوراغاسى لى چۇڭجۇغا مەكتۇپ يوللاپ سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئولپان تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. سۇڭ خانى لى چۇڭجۇنى ئۇدۇنغا ماقۇللۇق بىلدۈرۈش خۇسۇسىدا جاۋاب مەكتۇپ يېزىشقا بۇيرۇدى ھەمدە ئۇدۇن ۋەزىرىگە ئالتۇن جام، كۈمۈش قاچا قاتارلىق سوۋغاتلارنى ئىنئام قىلدى.

966 ـ يىلى ئۇدۇن ۋەلىئەھدىسى دېسۇڭ دۇنخۇاڭدىن ئايرىلىپ بېيەنجىڭغا بېرىپ، ئوردىغا گۆھەر ۋە ئۈنچە ـ مەرۋايىت بۇيۇملىرىنى تارتۇق قىلدى ھەمدە ئۇتەيشەن تېغىغا بېرىپ بۇتقا تاۋاپ قىلىپ، نوم ئوقۇدى.

شۇ يىلى ۋېيسا سامباۋا ئالەمدىن ئۆتتى.

## ساتۇق بۇغراخان

ساتۇق بۇغراخان (؟ـ955) غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتىـ قاراخانىيلار خانىدانلىقىنىڭ ئاساسچىسى بىلگە كۆل قادىرخاننىڭ نەۋرىسى، بىلگە كۆل قادىرخاننىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، چوڭىنىڭ ئېتى بازىر، كىچىكىنىڭ ئېتى ئوغۇلچاق ئىدى. بىلگە كۆل قادىرخان ئۆلگەندىن كېيىن بازىر تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ چوڭ خان بولدى ۋە بالاساغۇننى پايتەخت قىلدى. ئوغۇلچاق تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ ئورۇنباسار خان بولۇپ، تالاس شەھىرىنى پايتەخت قىلدى. ئوغۇلچاق ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان سامانىيلار خانلىقى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، تالاستىن ۋاز كېچىپ، شەرقتىكى قەشقەرگە كۆچتى. سامانىيلار خانىدانلىقىنىڭ شاھزادىسى ئەبۇ نەسىر سامانىي ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئىچىدىكى كۈرەشتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، ئوغۇلچاق تەرەپكە پاناھ ئىزدەپ كەلدى. ئوغۇلچاق ئۇنى ئاتۇشقا ئورۇنلاشتۇردى. چوڭ خان بازىرنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، كىچىكىنىڭ ئېتى ساتۇق ئىدى. بازىر ئۆلگەندىن كېيىن چوڭ ئوغلى تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ چوڭ خان بولدى. ئۇ چوڭ خان بولغاندىن كېيىن، ئىنىسى ساتۇقنى چەتكە قاقتى، شۇنىڭ بىلەن تاغىسى (ئوغۇلچاق) ساتۇقنى بېقىۋالدى.

ساتۇق، باتۇر، پاراسەتلىك، يۈكسەك ئىرادىلىك ئادەم بولۇپ يېتىلدى، ئۇ ئۆزىگە بېرىلگەن قۇرۇق نامغا رازى بولماي تاغىسىنىڭ شاھلىق ئورنىغا ھەر دائىم كۆز تىكىپ كەلدى. ئۇ تاغىسىغا قارشى كۈچلەرنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش ئۈچۈن، ئەبۇ نەسىر سامانىينىڭ دەۋىتى بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرىپ، ئۆزىگە ئابدۇلكېرىم ساتۇق دەپ دىنىي ئىسىم قويدى ھەمدە ئەتراپتىكى ياساۋۇللارنى، قول ئاستىدىكى ئاھالىلەرنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا دەۋەت قىلدى. ساتۇق ئەبۇ نەسىر سامانىي بىلەن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش خۇسۇسىدا كېڭەشتى ۋە پۇختا پىلان تۈزدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ زور بىر تۈركۈم مۇسۇلمان ئەسكەرنى باشلاپ ئوردىغا ھۇجۇم قىلدى، ئوغۇلچاق ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. ساتۇق تەختكە چىقىپ ئورۇنباسار خان بولۇپ، ئۆزىنى بۇغراخان دەپ جاكارلىدى.

ساتۇق بۇغراخان ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇقىملاشتۇرغان ۋە مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن، قوشۇن چىقىرىپ سامانىيلار خاندانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ تالاس شەھىرىنى تارتىۋالدى، يەنە چوڭ خان بولغان ئاكىسىغا قايىل بولماي، قوشۇن تارتىپ بالاساغۇنغا ھۇجۇم قىلىپ، چوڭ خاننى قوغلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئولتۇردى. 942 ـ يىلى ئۆزىنى چوڭ خان دەپ جاكارلىدى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قەشقەردە رەسمىي

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. ساتۇق بۇغراخان يەنە ئۇدۇنغا ئۇزاققىچە پاراكەندىچىلىك سېلىپ، يەكەن ئەتراپلىرىنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى.

ساتۇق بۇغراخان بىرىنچى بولۇپ ئىسلام دىنىغا كىرگەن ئۇيغۇر خانى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە خاندانلىقنىڭ ئەمەلىي كۈچى زورىيىپ، زېمىنى كېڭەيدى.

## مۇسا ئاسلانخان، ئەلى ئاسلانخان

مۇسا ئاسلانخان ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئوغلى

ئەلى ئاسلانخان(؟—998) مۇسا ئاسلانخاننىڭ ئوغلى

تەخمىنەن 955 ـ يىلى ساتۇق بۇغراخان قازا قىلدى، مۇسا تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ چوڭ خان بولدى ۋە ئۆزىنى ئاسلانخان دەپ ئاتاپ، قەشقەرنى پايتەخت قىلدى. ئۇنىڭ ئىنىسى سۇلايمان تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىنى بۇغراخان دەپ ئاتاپ، بالاساغۇننى پايتەخت قىلدى. شۇنداق قىلىپ قاراخانىيلار خانلىقىدا ئىككى خانلىق تۈزۈم يولغا قويۇلدى، ئاسلانخاننىڭ ئورنى بۇغراخاننىڭكىدىن يۇقىرى بولدى.

مۇسا ئاسلانخان تەقۋادار ئىسلام مۇرىدى بولۇپ، سوپىزىم ئەقىدىلىرىگە ئېتىقاد قىلىپ، سوپىزىم قائىدە-مىزانلىرىغا ئەمەل قىلاتتى. ئۇ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ ئاشكارا جاكارلاپ، دۆلەت ئىچىدە ئىسلام دىنىنى داغدۇغا بىلەن تەرغىب قىلدى.

مۇسا ئاسلانخان يەنە ئىسلام دىنىنى قورال كۈچى بىلەن تەرغىب قىلىشقا بېرىلىپ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇدۇنغا ئۆزلۈكسىز تۈردە غازات ئۇرۇشى قوزغاپ كەلدى. ئۇدۇن خانى ۋىيسا سۇرا تۇبۇتلار بىلەن خېشى رايونىدىكى بەيئەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ياردىمىدە 971 ـ يىلى كەڭ كۆلەملىك قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، يەكەننى ئىشغال قىلىپ، ئاسلانخاننىڭ ئوردىسىدىكى ئۇسسۇلچى پىللارنى بۇلاپ كەتتى، كېيىن ئۇ راھىب جىشياڭنى سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، ئۇسسۇلچى پىللارنى سۇڭ پادىشاھى جاۋ كۇاڭيىنغا تەقدىم قىلىشقا رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

مۇسا ئاسلانخاننىڭ ئۆلگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. ئۇنىڭ ئوغلى ئەلى تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، ئۇمۇ ئۆزىنى ئاسلانخان دەپ ئاتىدى.

ئەلى ئاسلانخاننىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان تەقۋادارلىقى ئاتىسىنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشتى. ئۇ مۇسا ئاسلانخاننىڭ ۋەسىيىتىگە بىنائەن، دۆلەتنىڭ ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، ئۇدۇنغا قارشى 20 نەچچە يىل غازات قىلدى، ئۇ 998 ـ يىلى ئۇرۇشتا قازا قىلدى. ئۇ يېڭىساردا ئىسلام دىنى تەرغىباتى قىلىۋاتقاندا ئۇدۇنلۇق بۇددىستلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن دېگەن گەپلەرمۇ بار.

## يۈسۈپ قادىرخان

يۈسۈپ قادىرخان (؟—1032): ساتۇق بۇغراخاننىڭ مۇسا ئاسلانخان ۋە سۇلايمان ئاسلانخان دېگەن ئىككى ئوغلى بار ئىدى. يۈسۈپ قادىرخان سۇلايمان بۇغراخاننىڭ ئوغلى (ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ھەسەن بۇغراخان بولۇپ، يۈسۈپ قادىرخان ھەسەن بۇغراخاننىڭ ئوغلى، دېگەن گەپلەرمۇ بار) ئىدى.

998 ـ يىلى غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتى — قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ چوڭ خانى ئەلى ئاسلانخان ئۇدۇنغا قارشى غازاتتا قازا قىلدى، ئۇدۇن قوشۇنى قەشقەرگە بېسىپ كىرىپ، يەرلىك ئاھالىنى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا زورلىدى. سۇلايمان بۇغراخان(ھەسەن بۇغراخان دېگەن گەپمۇ بار) بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، ئوغلى يۈسۈپ قادىرخاننى بالاساغۇننى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى يەتتە تۈمەن كىشىلىك چوڭ قوشۇننى باشلاپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇدۇن قوشۇنى بىلەن بەش ئاي جەڭ قىلدى، ئاخىرى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ قازا قىلدى.

يۈسۈپ قادىرخان ئاتىسىنىڭ جەڭدە ئۆلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال تۆت تۈمەن كىشىلىك خىل قوشۇننى باشلاپ داۋاملىق قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى.

جاي ـ جايلاردىن ياردەمگە كەلگەن مۇسۇلمانلار قوشۇندىكىلەرنىڭ سانى سەككىز تۇمەنگە يەتتى، قەشقەر ئەتراپىدىنمۇ ئىككى تۇمەن مۇسۇلمان يۇسۇپ قادىرخاننىڭ سېپىگە قېتىلدى.

يۇسۇپ قادىرخان 14 تۇمەن كىشىلىك ئۇستۇن ئەسكىري كۈچ بىلەن خالخال ماچىن (ئۇدۇن خانى ۋىيسا سۇبخاراما) نىڭ قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇدۇن قوشۇنى قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ بەدەر قاچتى. يۇسۇپ قادىرخان قوشۇننى باشلاپ تاپ باستۇرۇپ قوغلاپ بېرىپ ئۇدۇننى ئىشغال قىلدى ۋە خالخال ماچىننى ئۆلتۈرۈپ ئۇدۇننى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالدى. يۇسۇپ قادىرخان ئەخمەتنى يېڭىۋاشتىن خانلىق تەختىگە چىقىرىپ توغان خان دەپ ئاتىدى. ئۆزى بالاساغۇنغا قايتىپ يەنىلا ئورۇنباسارخان بولدى. ئەخمەت بىلەن ئوغلى ئىلگىرى ـ كېيىن قازا قىلىپ، تەخت ۋارىسسىز قالدى. شۇنىڭ بىلەن 1024 ـ يىلى يۇسۇپ قادىرخان تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ چوڭ خان بولدى.

يۇسۇپ قادىرخان ئىسلام دىنىغا ئىخلاسمەن بولۇپ، ئىلىمگە ئەھمىيەت بەرگەچكە، ئەرەب ۋە پارىس تارىخشۇناسلىرى ئۇ توغرىلىق مەدھىيىلەر ئوقۇغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

يۇسۇپ خاس ھاجىپ بالاساغۇن (تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بويلاسانغۇن شەھىرى. بۈگۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسسىق كۆلنىڭ غەربىي جەنۇبىغا يېقىن جاي)دىن، ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ياشلىق ـ ئوسمۇرلۇك دەۋرىدە ياخشى تەربىيە كۆرگەن، قۇرامىغا يەتكەن چاغلىرىدىلا ئۇيغۇر، ئەرەب تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن، ئۇ چوڭقۇر بىلىملىك تالانت ئىگىسى بولۇپ، شېئىري داستان يېزىشقا ماھىر ئىدى. يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئوتتۇرا ياش مەزگىلىدە ئۇرۇش مالىمانچىلىقىنىڭ تەسىرىدە بالاساغۇندىن شەرقىي قاراخانىيلار خانىدانلىقىنىڭ پايتەختى قەشقەرگە كۆچۈپ كېلىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ئىجادىيىتىگە كىرىشتى. ھىجرىيە 462 ـ يىلى (1069 ـ 1070) «قۇتادغۇ بىلىك» نى پۈتكۈزۈپ، ئۇنى شەرقىي قاراخانىيلار خانىدانلىقىنىڭ خانى ھەسەن بۇغراخانغا تەقدىم قىلدى. ھەسەن بۇغراخان ئۇنىڭغا كاتتا ئىنئام بېرىپ، ئوردىنىڭ خاس ھاجىپلىقىغا تەيىنلىدى.

«قۇتادغۇبىلىك» مەخسۇس قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمران قاتلىمىدىكىلەر ئۈچۈن يېزىلغان دىداكتىك داستان بولۇپ، ھەم نەسرىي ھەم نەزمىي ئۇسلۇبتا يېزىلغان. پۈتۈن داستان 82 بابقا بۆلۈنگەن، 12 مىڭ نەچچە يۈز مىسرادىن تەشكىل تاپقان. داستاندا پادىشاھ كۈنتۇغدى، ۋەزىر ئايتولدى، ئايتولدىنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىش، ئۆگدۈلمىشنىڭ دوستى ئۇدغۇرمىش قاتارلىقلارنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرى ۋە ئالىيجاناب ئىش ـ ھەرىكەتلىرى بايان قىلىنىپ، ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى ۋە زاتلىرىنىڭ غايىۋى جەمئىيەتكە بولغان ئىنتىلىشى ۋە ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى سۈرەتلەپ بېرىلگەن. ئۇ 11 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تارىخى، دىنىي ـ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى ۋە ئەخلاق قارىشىنى تەتقىق قىلىش ئىشىنى مول ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» ــ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى بۈيۈك ئەسەر، شۇنداقلا جۇڭگو مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى چاقناق مەرۋايىت.

مەھمۇد قەشقىرى

مەھمۇد قەشقىرى (تەخمىنەن 1025 ـ 1085) قەشقەردىن، تولۇق ئىسمى مۇھەممەد بىننى ھۈسەيىن بىننى مۇھەممەد قەشقىرى. ئۇنىڭ ئاتىسى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ مۇھىم شەھىرى بولغان بارسغان (بۈگۈنكى ئىسسىق كۆلنىڭ جەنۇبىغا يېقىن شەھەر)دىن. شۇڭا ئۇنىڭ جەمەتى باي ـ ئېسىلزادىلەردىن ئىدى. مەھمۇد قەشقىرى ياش ـ ئوسمۇرلۇك دەۋرىدە ياخشى تەربىيە كۆرگەن. قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن ئىلى دەرياسى، ئامۇ دەرياسى ۋە سىر دەرياسى ۋادىلىرىنى ئارىلاپ يۈرۈپ، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، مول تەبىئەت بىلىملىرى ۋە ئىجتىمائىي بىلىملەرگە ئىگە بولدى.

www.uyghurkitap.com

مەھمۇد قەشقىرى قىرانلىق مەزگىلدە شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمران گۇرۇھى ئىچىدە ھوقۇق ـ مەنپەئەت تالىشىش يۈز بېرىپ، نۇرغۇن ئاقسۆڭەكلەر ۋە ئەمەلدارلار ئوردىدىكى قانلىق ۋەقەدە جېنىدىن ئايرىلدى. مەھمۇد قەشقىرى بەختكە يارىشا ئامان قېلىپ، شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق رايونىدىن قېچىپ چىقىپ بۇخاراغا كەلدى. ئاندىن نىشاپۇر ئارقىلىق ئەرەبلەرنىڭ ھوكۈمرانلىق مەركىزى بولغان باغدادقا كەلدى. ئۇزۇنغىچە باغدادتا تۇردى، ئۇ يەردە ئەرەبلەرنىڭ تىلى، تارىخى، ئەدەبىياتىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەندى ۋە تەتقىق قىلدى.

مەھمۇد قەشقىرى ھىجرىيە 464 ـ يىلى (مىلادىيە 1072 ـ يىلى) 5 ـ ئايدىن 466 ـ يىلى (مىلادىيە 1074 ـ يىلى) 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىگە قەدەر يېزىش بىلەن بەنت بولۇپ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق كىتابىنى ۋۇجۇتقا چىقاردى ۋە ئۇنى ئەينى ۋاقىتتىكى ئابباسىيلار خانلىقىنىڭ خەلىپىسى ئەبۇل ھەسەن ئابدۇللا ئىبن مۇھەممەد مۇقتەدىرغا تەقدىم قىلدى.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»ئەرەب تىلىدا يېزىلغان، پۈتۈن دىۋان سەككىز تومغا، ھەر بىر توم ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن، ئۇنىڭغا كىرگۈزۈلگەن تۈركىي سۆز ـ ئىبارىلەر سىياسىي تۈزۈم، ئىجتىمائىيەت، ئىقتىساد، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، قۇشلار، يىرتقۇچ ھايۋانلار، ھاشاراتلار، بېلىقلار، ئۆسۈملۈكلەر، مىنېرال ماددا قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنە ئۇنىڭغا تۈركىي خەلقلەرنىڭ نەچچە ئون كۇپلېت قوشاق، 200 پارچىدىن ئارتۇق ھېكمەتلىك سۆز ۋە تەمسىللىرى كىرگۈزۈلگەن. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا يەنە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي شىمالىي ئېتەكلىرىدىن ئامۇ، سىر دەريا ۋادىلىرىغىچە بولغان رايونلاردىكى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ تارقىلىشى، كۆچۈش ئەھۋالى ۋە تىل پەرقى خاتىرىلەنگەن. ئۇ قەدىمكى تۈركىي تىل مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان قامۇس تۈرىدىكى لۇغەت.

مەھمۇد قەشقىرى يەنە «تۈركىي تىللار جەۋھەرى» نى يازغان، ئەپسۇس، ئۇ بۇرۇنلا يوقىلىپ كەتكەن.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەشھۇر ئەسىرى، شۇنداقلا جۇڭگو مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك ئەسەر.

### بارچۇق ئارت تېكىن

بارچۇق ئارت تېكىن، ئۇيغۇر، قارا قىتان ۋە موڭغۇل ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىدىقۇتى. ئۇنىڭ ئاتىسى ئۇسەن تۆمۈر قارا قىتان خانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا قوچۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ پادشاھى بولغان.

13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاتىسىنىڭ خانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، قارا قىتان خانلىقىغا بېقىندى. ئەمەلىي كۈچ جەھەتتە قۇدرەت تاپقان قارا قىتان خانلىقى قارا قوچۇغا نازارەتچى ئەۋەتىپ، ئۇ ئارقىلىق قوچۇ ئۇيغۇر پادشاھلىقىنىڭ ئەسكىرىي، مەمۇرىي ئىشلىرىنى نازارەت قىلىپ باشقۇردى. قارا قىتان نازارەتچىسى ھوقۇقىنى خالىغانچە ئىشلىتىپ، ھەدەپ ئەيشى ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ، بولۇشىغا ئالۋان ـ ياساق سېلىپ، ئاۋامنى قاقشاتتى. 1209 ـ يىلى بارچۇق ئارت تېكىن چۆللۈكنىڭ شىمالىدا موڭغۇللارنىڭ باش كۆتۈرگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، شۇلارغا بېقىنىش ئۈچۈن قول ئاستىدىكىلەر بىلەن باش قوشۇپ نازارەتچىنى ئۆلتۈرۈپ، قارا قىتانلارنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ ئادەملىرى بىلەن چىڭگىزخانغا باش ئەگدى.

ئۇزاق ئۆتمەي چىڭگىزخان ئالتاي تاغلىرىدىكى نايمان قەبىلىسىگە جازا يۈرۈشى قىلدى. نايمانلار تارمار بولۇپ، قالدۇق كۈچى قوچۇ تەۋەسىگە قېچىپ كەلگەندە بارچۇق ئارت تېكىن قوشۇن تارتىپ چىقىپ ئۇلارنى يوقاتتى. ئارقىدىن ۋەزىرىنى ئەۋەتىپ بۇ ئەھۋالنى موڭغۇل خانىغا مەلۇم قىلدى. موڭغۇل خانى ئەلچى ئەۋەتىپ بارچۇق ئارت تېكىندىن ھال سورىدى. 1211 ـ يىلى بارچۇق ئارت

تېكىن قۇرۇلۇن دەرياسى بويىدىكى موڭغۇل خانلىقىنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ چىڭگىزخانغا سالام بەردى ۋە موڭغۇل خانلىقىنىڭ بەشىنچى ئوغلى بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى، خانلىق ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. چىڭگىزخان بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇشال بولۇپ، مەلىكە ئىلخاتۇن(يەنە بىر ئىسمى ئالتۇنبىكە) نى بارچۇق ئارت تېكىنگە ياتلىق قىلدى.

بارچۇق ئارت تېكىن يەنە موڭغۇل قوشۇنىنىڭ قومۇلنى بويسۇندۇرۇشىغا ياردەملەشتى.

چىڭگىزخان قوشۇن تارتىپ غەربكە يۈرۈش قىلغاندا بارچۇق ئارت تېكىن ئۆز قەۋمىدىكىلەردىن تۈمەنچە ئادەمنى باشلاپ موڭغۇل قوشۇنىغا قېتىلىپ، جەڭدە خىزمەت كۆرسىتىپ، موڭغۇل خانىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى.

بارچۇق ئارت تېكىنىنىڭ قارا قىتان خانلىقىدىن يۈز ئۆرۈپ موڭغۇللارغا بېقىنىشى موڭغۇل هۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى زور ئەھمىيەتلىك ئىش . كېيىنكى مەزگىللەردە ئۇيغۇرلار يۈەن سۇلالىسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئىشلىرىدا ناھايىتى زور رول ئوينىدى.

## كۈچلۈك

كۈچلۈك (؟ــ1218) نايمان خانى تايانخاننىڭ ئوغلى، قارا قىتان خانلىقىنىڭ پادىشاھى .

1204 - يىلى موڭغۇل تۆمۈرچىن قوشۇن تارتىپ ئالتاي تاغلىرىدىكى نايمان قەبىلىسىگە جازا يۈرۈشى قىلدى. ئۇرۇشتا نايمان خانى تايانخان موڭغۇل قوشۇنى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. كۈچلۈك تاغىسى بۇيلۇقخاننىڭ قېشىغا قېچىپ بېرىپ پاناھلاندى. 1206 - يىلى تۆمۈرچىن ئونون دەرياسى بويىدا ئۆزىنى چىڭگىزخان دەپ جاكارلىغاندىن كېيىن، نايمانلارغا يەنە بىر قېتىم هۇجۇم قىلىپ، بۇيلۇقخاننى تىرىك تۇتتى. كۈچلۈك ئېرتىش دەرياسى بويىغا قېچىپ بېرىپ مېركىت قەبىلىسىگە بويسۇندى. 1208 - يىلى موڭغۇل قوشۇنى مېركىت قەبىلىسىنى بويسۇندۇردى، كۈچلۈك بېشبالىقتىن ئۆتۈپ، كۇچاغا قېچىپ بېرىپ، قاقاس تاغلىق ئىچىدە سەرسان بولۇپ يۈردى. ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بىر - بىرلەپ ئۇنى تاشلاپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر قۇزوردۇ(توقماقنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى بۇنارا) دىكى قارا قىتان خانى گۇرخاننىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئاتتى. كۈچلۈك بۇ يەردە گۇرخاننىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، گۇرخاننىڭ قىزىغا ئۆيلەندى. نايمانلار ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان خرىستىئان دىنىدىن ۋاز كېچىپ قىتانلار ئېتىقاد قىلىدىغان بۇددا دىنىغا كىردى. ئۇزاق ئۆتمەي قارا قىتان زېمىنىدا ئىچكى نىزا يۈز بېرىپ ۋاسساللار قارا قىتاندىن بىر - بىرلەپ ئايرىلدى. كۈچلۈك مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئېمىل، قايالىق، بېشبالىق قاتارلىق جايلاردا مېنىڭ قەۋمىم بار، ئۇلارنى جەم قىلىپ گۇرخانغا ھەمدەم بولالايمەن دەپ يالغان ئېيتىپ، گۇرخاننىڭ تېخىمۇ چىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى، گۇرخان ئۇنىڭغا كۈچلۈك خان دېگەن نامنى بېرىپ، ئۇنى ئوردىدا بەلگىلىك ئەمەلىي هوقۇققا ئىگە قىلدى. كۈچلۈك شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تەرەپ - تەرەپتە ھەرىكەت قىلىپ، بۇرۇنقى قەبىلىسىدىكىلەرنى توپلاپ، ئۆزىنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتتى. ئۇ مۇشۇ ئاساسنى قۇرۇۋالغاندىن كېيىن، گۇرخان بىلەن ئاشكارا قارشىلىشىپ، قوشۇن تارتىپ قارا قىتان شەھەرلىرىگە كۆپ قېتىم هۇجۇم قىلدى. ئاخىرىدا خارەزىمگە ئادەم ئەۋەتىپ گۇرخانغا شەرق ۋە غەربتىن قىسىپ هۇجۇم قىلىش توغرىسىدا خارەزىم خانى بىلەن كېلىشتى. قارا قىتان خانى گۇرخان يامان ۋەزىيەتكە قالغانلىقىنى پەملەپ، خانلىق هوقۇقىنى ئىككى قوللاپ ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزى هوقۇقسىز قورچاق خان بولدى. 1213 - يىلى گۇرخان ئۆلۈپ كۈچلۈك قارا قىتان خانلىقىنىڭ پادىشاھى بولدى.

كۈچلۈك خانلىق ئورنىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن قوشۇن چىقىرىپ تەرەپ - تەرەپكە هۇجۇم قىلىپ، ئۆزىنىڭ هۆكۈمرانلىق دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە باشلىدى. 1211 - 1214 - يىللىرى

www.uyghurkitap.com

ئاربلىقىدا قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ مۇھىم شەھىرى قەشقەرنى ۋە ئۇدۇننىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى بېسىۋالدى ھەمدە قاتتىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ يەرلىك مۇسۇلمانلارنى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلىدى. ئىسلام دىنى يولباشچىلىرىغا زىيانكەشلىك قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، ئالمىلىقتىكى قارلۇق قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، قەبىلە سەردارى ئۇزارخاننى ئۆلتۈردى. 1217 ـ يىلى چىڭگىزخان جەبەنى قوشۇن تارتىپ قارا قىتان خانلىقىغا جازا يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتتى، جەبە قارا قىتاننىڭ تەسلىم بولغان سەركەردىسى قۇسمايىلنىڭ يول باشلىشىدا ئۇدۇل قەشقەرگە باستۇرۇپ كەلدى. كۈچلۈك ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ بەدەر قاچتى. ئۇ كېيىنكى يىلى بەدەخشان تاغلىق رايونىدا يەرلىك ئوۋچىلارغا تۇتۇلۇپ قېلىپ، قوغلاپ كەلگەن موڭغۇل ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. جەبە قۇسمايىلنى كۈچلۈكنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كېلىپ غەربىي يۇرت ئەللىرىنى ئەل بولۇشقا دالالەت قىلىشقا بۇيرۇدى. شۇنداق قىلىپ قەشقەر، ئۇدۇن، ياركەنت شەھەرلىرى غەربكە يۈرۈش قىلغان موڭغۇل قوشۇنىغا ئەل بولدى، شۇندىن ئېتىبارەن قازاقىستان تەۋەلىكىدىكى تەڭرى تاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى جايلار تولۇق چىڭگىزخاننىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتتى.

## چاغاتاي

چاغاتاي (؟ــ1241 ـ يىلى) ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئاساسچىسى. چاغاتاي ــ چىڭگىزخاننىڭ 2 ـ ئوغلى. موڭغۇل خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن چىڭگىزخان قوشۇنلىرى ۋە يايلاقلىرىنى باللىرى بىلەن تۇغقانلىرىغا تەخسىملەپ بەردى. چاغاتايغا 8000 تۈتۈن (بەزى ئېيتىشلاردا 4000 تۈتۈن) بۆلۈپ بېرىلدى. 1211 ـ 1213 ـ يىلىغىچە چاغاتاي ئاتىسى ۋە ئاكا ـ ئۇكىلىرى بىلەن بىللە جىن دۆلىتىگە ھۇجۇم قىلدى. موڭغۇل خانلىقىنىڭ تەيزۇ 14 ـ يىلى 1219 ـ يىلى چاغاتاي ئاتىسىغا ئەگىشىپ غەربكە يۈرۈش قىلدى، ئوترارنى ئىشغال قىلىپ، سەمەرقەنتنى بويسۇندۇرۇپ، خارەزىم پايتەختى ئۈرگەنچنى ئالدى. چىڭگىزغان ئۇيغۇر زىمىنى (بۈگۈنكى تۇرپان، جىمىسار رايوننى) نىڭ غەربىدىن ئامۇ دەرياسىغىچە بولغان ئوتلاق رايوننى چاغاتايغا سۇيۇرغال قىلىپ بەردى. ئەينى ۋاقىتتا چاغاتاينىڭ پايتەختى بارگاھى ئالمالىقنىڭ يېنىدىكى قۇمىيازدا ئىدى. بۇ رايون شەھەر ـ قورغانلارنى موڭغۇل ئەمەلدارلىرى مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ باشقۇراتتى. چاغاتاي موڭغۇل قانۇن ـ نىزاملىرىغا پىششىق ئىدى. چىڭگىزخان قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلارغا «كىمىكى ئەمىر ـ پەرماننى ۋە دۆلەتنى قانداق تۇتۇپ تۇرۇش توغرىسىدىكى قانۇن ـ نىزاملارنى بىلمەكچى بولسا چاغاتايغا ئەگەشسۇن» دەيتتى. 1226 ـ يىلى چىڭگىزغان تاڭغۇتلارغا يۈرۈش قىلغاندا چاغاتاي موڭغۇل خانلىقىنىڭ ئوردىسىنى ساقلاشقا قالدۇرۇلدى. چىڭگىزخان قازا قىلغاندىن كېيىن، چاغاتاي ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئىنىسى ئوكداينىڭ موڭغۇل خانلىقىنىڭ ئۇلۇغ قاغانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىشىغا ھەمدەم بولدى ۋە ئاۋامنى باشلاپ قۇللۇق بىلدۈرۈپ، ئۇلۇغ قاغاننىڭ ئابرويىنى قوغدىدى. چاغاتاي غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە موڭغۇللارنىڭ ئادەت قانۇنلىرىنى زورلۇق بىلەن يولغا قويدى. ھالبۇكى، بۇ ئادەت قانۇنلىرى يەرلىكنىڭ ئورپ ـ ئادەتلىرىگە زىت كەلگەچكە يەرلىك خەلق ئۇنىڭ زىيىنىنى بولۇشىغا تارتتى. چاغاتاي ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا موڭغۇل قاغانىنىڭ ماۋەرائۇننەھردىكى زېمىنىنى يۇتۇۋېلىش كويىدا بولدى، ئۇ ئەسلىدە ئوكداي خان نەسلىدىن بولغانلار باشقۇرۇپ كىلۋاتقان ماۋەرائۇننەھر رايونىدىكى بىر ئايماقنى باشقا بىرسىگە بېرىۋەتكەچكە ئوكداي خاننىڭ قاتتىق ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ چاغاتاي ئەۋلادلىرى يوەن سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرت ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىنچىل تالىشىپ كەلدى. 1241 ـ يىلى چاغاتاي ئوكداي خاندىن يەتتە ئاي

بۇرۇن ئۆلدى.

## بۇيرۇقايا

بۇيرۇقايا (1194 ـ 1265)، ئۇيغۇر، خىتاي قوچۇ (بۈگۈنكى تۇرپان)دىن. بۇيرۇقايانىڭ بوۋىسى ياربا قايا. ئاتىسى جىتا قايا قوچۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تۆرىلىرىدىن ئىدى، بۇيرۇق كىچىكىدىنلا ئاتا ـ ئانىسىدىن يېتىم قالغاچقا، تاغىسىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆستى. ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى پىششىق بىلىدىغان ماھىر چەۋەنداز ھەم ئۇستا مەرگەن بولۇپ يېتىلدى. 1212 ـ يىلى ئۇ قۇچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتى بارچۇق ئارت تېكىنگە ئەگىشىپ مۇڭغۇللارغا بەيئەت قىلىپ، ئوردا مۇھاپىزەتچىلىكىگە تەيىنلەندى. 1219 ـ يىلى بۇيرۇقايا چىڭگىزغانغا ئەگىشىپ غەربكە يۈرۈش قىلغاندا، خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ئات، قوي، كىگىز ئۆي بىلەن تارتۇقلاندى ھەمدە خان جەمەتىدىن بولغان شىمونى خوتۇنلۇققا ئالدى. ئوكداي تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، بۇيرۇقايا يەنجىڭ، جۇڭسەن (بۈگۈنكى خېبېي دىڭشيەن ناھىيىسى) قاتارلىق جايلارنىڭ قەبرىستانلىقىدا ئىشلەيدىغان ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلارنى باشقۇرۇشقا قويۇلدى، كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي جىندىڭ ئايمىقى (بۈگۈنكى خېبېينىڭ دىڭشيەن، شىنشيەن ناھىيىلىرى)نىڭ دارغاچىلىقىغا تەيىنلەندى. 1231 ـ يىلى يەنجىڭنىڭ جەنۇبىدىكى ئايماقلارنىڭ تەپتىش بېگىلىكىگە، ئاندىن يارغۇچىلىققا تەيىنلەندى. بۇيرۇقايا ئۆز خىزمىتىگە سادىق بولۇپ، ئەدلىيە، جازا ئىشلىرىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن بېجىرەتتى. موڭغۇل خانلىقى يېڭى قۇرۇلغاندا، قانۇن ـ نىزام مۇكەممەل ئەمەس ئىدى، بايلار قۇللارنى خالىغانچە ئۆلتۈرەتتى. بۇيرۇقايانىڭ بۇ ئىشنى توسۇپ قېلىشقا قۇربى يەتمەيتتى، لېكىن ئۇ ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ئۆلۈم خەۋپى ئاستىدا قالغان نەچچە ئون قۇلنى سېتىۋېلىپ جېنىنى ساقلاپ قالدى. قۇبلاي تەختكە چىققاندىن كېيىن بۇيرۇققا بىنائەن جېندىڭ ئايمىقىغا سىلاۋچىبەك بولدى، شۇ چاغدا بۇ يەردىكى بەزى جازانىخورلار قەرز قايتۇرۇش مۇددىتى توشماستىنلا قەرزدارلاردىن ھەسسىلەپ ئۆسۈم ئېلىۋالاتتى، سىلاۋچىبەك بۇرۇقايا بۇ ئەھۋالنى توسۇش ئۈچۈن ئۆسۈم ئەڭ يۇقىرى بولغاندىمۇ دىرىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك، دېگەن بەلگىلىمىنى چىقاردى، كېيىن بۇ بەلگىلىمە پەرمان سۈپىتىدە پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا يولغا قويۇلدى. ئۇزاق ئۆتمەي يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىر تۇتاش پۇل قانۇنىنى ئېلان قىلدى. قانۇندا پۇلدا ئالتۇن ـ كۈمۈش ئاساس قىلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. بىر قېتىم خان ئانىسى ئادەم ئەۋەتىپ جىندىڭ ئايمىقىدىكى ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى ئالدۇرۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردىكى پۇل ئوبوروتى توسالغۇغا ئۇچرىدى. بۇرۇقايا ئادەم ئەۋەتىپ خانلىق مۇئەككىلى ۋاڭ ۋېنتۇڭغا، يېڭى پۇلدا ئالتۇن ـ كۈمۈش ئاساس قىلىنىدىغان بولدى، مەن بۇيرۇققا بىنائەن جىندىڭدىكى ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى ئاستانىگە ئەۋەتتىم. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەرنىڭ مالىيىسى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى، زادى ئالتۇن ـ كۈمۈشنى ئاساس قىلىش كېرەكمۇ ياكى پۇقرالارنى ئاساس قىلىش كېرەكمۇ؟» دەپ مەلۇمات يوللىدى. ۋاڭ ۋېنتۇڭ گەپ تېپىپ بېرەلمەي، جېندىڭ ئايمىقىغا 5000 زىق ئالتۇن ئاجرىتىپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. بۇيرۇقايا پاك دىيانەتلىك ئەمەل تۇتاتتى، باشقىلارغا ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى، قۇبلاي خان ئۇنىڭ ئىقتىدارى بىلەن پەزىلىتىگە ئىنتايىن قايىل بولاتتى. ئۇ جىندىڭدىن يۆتكىلىپ، شۇندى(بۈگۈنكى خېبېيدىكى جۇلۇ) ئايمىقىنىڭ ئايغاقچىلىقىغا تەيىنلەنگەن پەيتتە ئاستانىغا سالامغا بارغاندا، قۇبلاي ھال سوراش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا بىر شۇڭقار تارتۇق قىلدى. بۇيرۇقايا پەرزەنتلىرىنى قاتتىق تەلەپچانلىق بىلەن تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. ئۇ تەپتىش بېگى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەۋلادلىرى لىيەن دېگەن فامىلىنى قوللاندى. ئوغۇللىرى لىيەن شىشەندىكى قايا بىلەن لىيەن شىشەن (希贤) قايا كېيىنكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۈنلەردە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر ئەربابلاردىن بولۇپ قالدى.

### لىيەن شىشەن

لىيەن شىشەن (廉希宪) قايا (1230 ـ 1280)، تەخەللۇسى شەنپۇ، ئۇيغۇر، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر سىياسىيون، ئۇ تۇغۇلغان چاغدا ئاتىسى بۇيرۇقايا يەنجىڭنىڭ جەنۇبىدىكى ئايماقلارنىڭ تەپتىش بېگى بولغاچقا، لىيەن دېگەن فامىلىنى قوللانغان. لىيەن شىشەننىڭ ئاتىسى بۇيرۇقايا موڭغۇل خانلىقىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارى ئىدى. لىيەن شىشەن كىچىكىدىنلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ياشاپ، كۆڭزى ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىدى، ئۇ 19 يېشىدا ئوردىغا كىرىپ غۇلام بولدى. لىيەن شىشەن نوم ۋە تارىخىي كىتابلارنى يېنىدىن ئايرىماي قېتىرقىنىپ ئوقۇيتتى. ئۇ «مېڭزى» دېگەن كىتابنى بېرىلىپ ئوقۇۋاتقاندا توساتتىن ئوردىغا چاقىرتىلدۇ، ئۇ ئالاقزادىلىك ئىچىدە كىتابنى قوينىغا تىققان پېتى ئوردىغا بارىدۇ، قۇبلاي خان ئۇنىڭ قوينىدىكى نەرسىنى سورايدۇ، لىيەن شىشەن ئۇنىڭ «مېڭزى» دېگەن كىتاب ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، كىتابتا ئېيتىلغان «ياخشى ئىنسان تەبىيىتى»، «مەردلىك ۋە مەنپەئەت»، «رەھىمدىللىك ۋە زوراۋانلىق» توغرىسىدىكى قائىدىلەرنى سۆزلەپ بېرىدۇ، قۇبلاي بۇلارنى ئاڭلاپ، سېنى «لىيەن مېڭزى» دېسە بولغۇدەك دەيدۇ. لىيەن شىشەن كېيىن جىڭجاۋنىڭ جارچى سىلاۋچىلىكىگە تەيىنلەندى، جىڭجاۋ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان رايون ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆرە-بەگلەرنىڭ سۆيۈرغاللىق يەرلىرىمۇ جىڭجاۋنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان بولغاچقا، بۇ رايوننى باشقۇرۇش تەس ئىدى. لىيەن شىشەن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، زوراۋانلارنى يۈگەنلەپ، پۇقرالارنىڭ دەردىگە دەرمان بولدى. ئاتاقلىق ئۆلىمالاردىن بولغان شۇ خېڭ، ياۋ شۇ قاتارلىقلاردىن يۇرت سوراشنىڭ تەدبىرلىرى ئۈستىدە مەسلىھەت ئالدى. شۇنداق قىلىپ جىڭجاۋنى ياخشى باشقۇرۇپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي قۇبلاي چاڭجاڭدىن ئۆتۈپ ئېجۇ ئايمىقى (بۈگۈنكى خۇبېيدىكى ۋۇچىڭنىڭ شەرقى، ئېچىڭنىڭ غەربىدىكى رايون)غا بارماقچى بولغاندا، لىيەن شىشەن ئۆلىما-تالىپلارنى باشلاپ چىقىپ ئۇنىڭغا باش ئۇردى ۋە ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەنلەرگە زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەي، ئۇلارنى تولۇق قايتۇرۇپ كېلىشنى تەلەپ قىلدى. قۇبلاي ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى، كېيىن، قايتىپ كەلگەن ئۆلىما-ئەھلى ئىلىملەرنىڭ سانى 500گە يەتتى. مۆڭگۈخان ئۆلگەندىن كېيىن موڭغۇل خان جەمەتى ئىچىدە ھوقۇق تالىشىش يۈزبەرگەندىن نىزا يۈز بەردى. لىيەن شىشەن پەردە ئارقىسىدىكى ئىشلارنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ، قۇبلاينى خانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدۇرۇش ۋە ئارىق بۇقانىڭ ئاسىيلىقىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقاردى. كېيىنكى كۈنلەردە خولۇقاي، مىرخوجا قاتارلىق موڭغۇل سەركەردىلەر قوشۇن تارتىپ غەليان كۆتۈرۈپ، قۇبلاي بىلەن قارشىلاشتى. لىيەن شىشەن بۇيرۇققا بىنائەن قوشۇن باشلاپ بېرىپ ئۇلارنى تىنجىتىپ زور خىزمەت كۆرسەتتى. قۇبلاي خان ئۇنى يولۋاس باشلىق ئالتۇن تەمغە بىلەن تارتۇقلاپ، ئارمىيىنى باشقۇرۇشقا قويدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭغا يەنە قارا دىۋاننىڭ ئوڭ قول ۋەزىرلىك مەنسىپىنى بېرىپ، ئۇنى شەنشى، گەنسۇ، سىچۈەن رايونلىرىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قويدى. موڭغۇل سەركەردىسى قوندۇقاي، ئالاندار قاتارلىقلار مالىمانچىلىق تۇغدۇرۇپ، بىرلىشىپ سىچۈەنگە ھۇجۇم قىلدى، جىڭجاۋ خەۋپ ئاستىدا قالدى. ئوردا ۋەزىرلىرىنىڭ تولىسى سىچۈەندىن ۋاز كېچىش تەكلىپىنى بەردى. لىيەن شىشەن ئۇلارغا قائىدە سۆزلەپ رەددىيە بەردى ۋە ئۆزى قوشۇن باشلاپ چىقىپ، شاھزادە قادان بىلەن بىرلىشىپ جەڭ قىلىپ، قوندۇقاينى شىملىياڭدا قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، جىڭجاۋنى خەۋپتىن قۇتقۇزدى. قۇبلاي خان ئۇنى لىيەن شىشەن دېگەن ھەققىي ئەزىمەت دەپ ماختىدى ۋە ئۇنى خانلىق مۇئەككىلى قىلىپ ئۆستۈردى. بۇ چاغدا لىيەن شىشەن تېخى

30 ياشتا ئىدى. ليەن شىشەن خانلىق مۇئەككىلى بولغان مەزگىلدە قانۇن ـ تۈزۈملەرنى يولغا قويۇپ، بىكار تەلەپ ۋە ناچار ئەمەلدارلارنى شاللاپ، تاماخورلۇق ۋە نەپسانىيەتچىلىكنى توسۇپ، پايدىلىق ئىشلارنى گۈللەندۈرۈپ، زىيانلىق ئىشلارغا بەرھەم بېرىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى ياراتتى. ئوردىغا: دۆلەت قۇرۇلۇپ تا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، داڭلىق ۋەزىر، مەشھۇر سەركەردىلەر ياشىنىپ قالدى، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئەجدادلىرىنىڭ تۆھپىلىرىنى قەدىرلىمەيۋاتىدۇ، ئاۋام پۇقرالارنى كۆزگە ئىلمايۋاتىدۇ، يەرلىك ئەمەلدارلارنى ئۆزلىرىنىڭ مالىيى ئورنىدا ئىشلىتىۋاتىدۇ، بۇنداق ئەھۋالنى ئۆزگەرتمەي بولمايدۇ، ئاشكارە ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق قابىللارنى تاللاش، ناچارلارنى شاللاش يولىنى تۇتۇش كېرەك، دەپ مەلۇمات يوللىدى. مۇشۇ مەلۇماتقا ئاساسەن ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش قانۇنىنى يولغا قويۇش ھەققىدە مۇھاكىمە باشلاندى.

ليەن شىشەن ئۆز خىزمىتىگە سادىق ئىدى. ھوقۇقدارلاردىن قورقمايتتى. ئەخمەت مالىيە ـ باج ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان، ئوردا ئىچى ـ سىرتىدا قولىنى نەگە سوزسا شۇ يەرگە يېتىدىغان چوڭ ھوقۇقدار ئىدى. بىراق ليەن شىشەن ئۇنىڭ يامان ئىشلىرىنى تەكشۈرۈشكە جۈرئەت قىلغانىدى. بىر قېتىم بىرەيلەن ۋەزىر شى تيەنزېنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى. قۇبلايخان ئۇنى سوراق قىلىش ياكى ئۆلتۈرۈشكە يارلىق قىلدى. ليەن شىشەن: بۇ ناھايىتى چوڭ ئىش، ئېھتىياتچان بولماق زۆرۈر. ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىماي تۇرۇپ يەڭگىللىك بىلەن ئىش كۆرۈشكە بولماس، دەپ تەكلىپ بەردى. كېيىن ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئارقىلىق ۋەزىرگە توھمەت قىلىنغانلىقى ئېنىقلاندى. قۇبلاي خان بىر قېتىم ليەن شىشەندىن ئەينى ۋاقىتتا نويانلار مەھكىمىسىدە غۇلامبەگ بولغىنىڭىزدا ھەممە ئىشقا ماقۇل دەپ تۇراتتىڭىز، ھازىر ۋەزىر بولغىنىڭىزدا ئەجەب تەرسا بولۇپ كەتتىڭىزغۇ؟ دەپ سورايدۇ. ليەن شىشەن مەھكىمىنىڭ ئىشلىرى مۇھىم ئىش ئەمەس، تەڭرىقۇتنىڭ ئىشلىرى مۇھىمدۇر، مادارا قىلىپ يول قويغاندا ئەل زىيانغا ئۇچرايدۇ، دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ليەن شىشەن كۆڭلى تەلىماتىغا ھۆرمەت قىلىپ، كىمياگەر تويىنلارنى مەنسىتمەيتتى. بىر قېتىم ئوردا بىر كىمياگەرگە ئابىھايات دورىسىنى ياساپ چىقىشنى بۇيرۇپ، قارا دۋانغا بۇنىڭغا كېرەكلىك خىراجەتنى چىقىرىپ بېرىشنى تاپشۇرىدۇ. ليەن شىشەن چى، خەن سۇلالىرى دەۋرىدىكى ئىشلارنى مىسال كەلتۈرۈپ، قۇبلاي خانغا نەسىھەت قىلىدۇ ۋە ياۋ، شۇنلەرنىڭ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشى قانداقتۇر ئابىھايات دورىسىدىن بولغان ئەمەس دەيدۇ. قۇبلاي خان ئۇنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىدۇ. يۈەن سۇلالىسىدا بۇددا دىنى ھەزرىتى ناھايىتى ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى، قۇبلاي خان ليەن شىشەننى پەرھىز تۇتۇپ، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. ليەن شىشەن: مەن ئاللىقاچان كۇڭزىنىڭ پەرھىزلىرىنى قوبۇل قىلغانمەن، دەيدۇ. قۇبلاي خان بۇنى ئاڭقىرالماي «كۇڭزىنىڭمۇ پەرھىزى بارمۇ؟» دەپ سورايدۇ. ليەن شىشەن: «ئەلۋەتتە بار، ئەمەلدار بولغانلار ساداقەتمەن بولمىقى، پەرزەنت بولغانلار ۋاپادار بولمىقى كېرەك، مانا بۇ كۇڭزىنىڭ پەرھىزىدۇر» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

1270 ـ يىلى قۇبلاي خان ئاستانە تۈرمىسىدىكى مەھبۇسلارنى قويۇۋېتىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرىدۇ. مەھبۇسلار ئىچىدە ئىلگىرىكى خان دەۋرىدە ئەمەلدار بولغان نىزامىدىن ئىسىملىك كىشى بار ئىدى، رەقىبى تەرىپىدىن ئەرز قىلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغانىدى. بۇ قېتىم ئۇمۇ قويۇپ بېرىلىدۇ. دەۋاگەر بۇنىڭغا قايىل بولماي ئوردىغا يەنە ئەرز سۇنىدۇ. قۇبلاي خان جايلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرىدۇ، ليەن شىشەن قۇبلاي خاننىڭ تۈرمىدىكى مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىش ھەققىدىكى يارلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: بۇ ئىش تامامەن ئۆزلىرىنىڭ يارلىقلىرىغا بىنائەن بېجىرىلگەن،

www.uyghurkitap.com

دەيدۇ. قۇبلاي قاتتىق ئاچچىقلىنىپ «مەن مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىش ھەققىدە يارلىق چۈشۈرگەن، ئەمما نىزامەددىننى قويۇۋېتىڭلار دېمىگەن» دەيدۇ. ليەن شىشەن دەلمۇدەل تۇرۇپ «بىراق مەن ئۆزلىرىنىڭ نىزامەددىننى قويۇۋېتەمسىلەر ھەققىدىكى يارلىقلىرىنى كۆرمىدىم» دەيدۇ. قۇبلاينىڭ ئۇغىسى قايناپ لىيەن شىشەننى قاتتىق ئەيىپلەيدۇ. لىيەن شىشەن توغرىدىن توغرا: ‹مەن دېگەن بىر ۋەزىر، گۇناھىم بولسا مەنسىپىمدىن ئېلىۋەتسىلا بولىدىغۇ› دەيدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن لىيەن شىشەن ۋەزىرلىكتىن قالدۇرۇلۇپ ئۆيىگە قايتۇرۇلىدۇ.

1274 - يىلى لىيەن شىشەنگە قايتىدىن بېيجىڭ ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ خان مۇئەككەللىكىگە تەيىنلەنگەنلىكى توغرىسىدا يارلىق چۈشتى. ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئەمەلدارلىق ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، مۇشتۇمزورلارنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، ئىجتىمائىي كەيپىياتنى زور دەرىجىدە ياخشىلىدى. بىر قېتىم موڭغۇل خانىنىڭ مەلىكىسى بىلەن كۈيئوغلى بىشەملىك قىلىپ پۇقرالارنى پاراكەندە قىلىدۇ، لىيەن شىشەن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن مەلىكە بىلەن كۈيئوغۇلغا يۈزتۇرانە نەسىھەت قىلغاچقا ئۇلار پۇل چىقىرىپ پۇقرالارنىڭ زىيىنىنى تۆلەپ بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئىككىنچى يىلى لىيەن شىشەن بۇيرۇققا بىنائەن جىڭنەن رايونىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە بارىدى. بۇ چاغدا كېسەلچان بولۇپ قالغان بولسىمۇ يەنىلا قەيسەرلىك بىلەن يولغا ئاتلاندى. بۇ رايوننىڭ يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئىلكىگە ئۆتكىنىگە ئۇزاق بولمىغانىدى. شۇڭا ھەر جەھەتتىكى تەرتىپى بىر قەدەر قالايمىقانىدى. لىيەن شىشەن شۇ جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا يارىشا ئىش كۆرۈپ، سودا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىلھام بەردى. ئاھالە ۋە يەرلەرنى تالان - تاراج قىلىشنى مەنئىي قىلدى. سۇڭ سۇلالىسىدىن قالغان ئەمەلدارلارنى تاللاپ ئىشقا قويدى. سۇچىلىق ئىشلىرىنى يولغا قويۇپ، بىر تۈمەن مۇنبەت ئېتىز بىنا قىلدى. مەكتەپ ئېچىپ مۇقەددەس كىتابلارنى سەپلەپ، يەرلىكنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇردى. 1277 - يىلى لىيەن شىشەن كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغاچقا يارلىققا بىنائەن ئاستانىگە قايتىدىغان بولدى. يەرلىك خەلق ئۇنى يىغلاپ تۇرۇپ ئۇزاتتى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىبادەتخانا سالدۇرۇپ رەسىمىنى ئېسىپ قويدى. لىيەن شىشەن ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغاندا يېنىدا نەغمە كىتابىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق ئىدى.

لىيەن شىشەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ باش ۋەزىرى ۋېيژېڭغا قالتىس چوقۇناتتى ‹سادىق ئەمەلدار ياخشى ئەمەلدار قايسى دەۋردە يوق دېيىسىز، گەپ سىزنىڭ ئۇلارنى ئىشلىتىشكە ماھىر بولۇش - بولماسلىقىڭىزدا› دەپ قارايتتى. شۇڭا ئۇ كىشىلەرنى چۈشىنىشكە، ئىشقا قويۇشقا ماھىر ئىدى. تالانت ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ۋە تاللاپ ئىشلىتىشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى.

1279 - يىلى لىيەن شىشەن قارا دىۋان ۋەزىرلىكىگە قايتا تەيىنلەنگەندە، ۋەلىئەھدىگە دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ قائىدىلىرى ئۈستىدە تەلىم بەردى. «خاننىڭ ئەل سورىشى ئادەم ئىشلىتىشكە باغلىق، ئالىيجانابلارنى ئىشلەتسە ئەل تۈزۈلىدۇ، چاكىنىلارنى ئىشلەتسە ئەل بۇزۇلىدۇ» دەپ تەكىتلەيتتى.

1280 - يىلى 11 - ئايدا لىيەن شىشەن كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى.

لىيەن شىشەن ئەلەمگىمۇ، قەلەمگىمۇ ماھىر ھەققانىيەتچىل، پاك - دىيانەتلىك، ئىقتىدارلىق سىياسىيون ئىدى. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئەمەلدار بۇيان: لىيەن ھەزرەت ۋەزىرلەر ئىچىدىكى ھەقىقىي ۋەزىر، ئەركەكلەر ئىچىدىكى ھەقىقىي ئەركەك ئىدى، دەپ باھا بەرگەنىدى.

## ئارغۇن سالى

ئارغۇن سالى (1244 — 1307)، ئۇيغۇر، مۇتەۋەر ئائىلىدە تۇغۇلغان. بوۋىسى ئاتاي سالى چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلغاندا موڭغۇل خانلىقىنىڭ

ئوردىسىغا كەلگەن. موڭغۇللارغا بېقىنغان قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىدىقۇتى ئۆز پۇقرالىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، چىڭگىزخان ئاتاي سالىنىڭ يۇرتى قوچۇغا قايتىشىغا ئىجازەت بەرگەن. ئارغۇن سالىنىڭ دادىسى قىتاي سالى بۇددا نوملىرى. ئەھكاملىرى ۋە بۇددا ئەقىدىلىرىنى پىششىق بىلگەچكە «يىتۇك زات» دەپ ئاتالغان ۋە ئوكۇردايلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن.

ئارغۇن سالى بالىلىق چاغلىرىدىلا ئەقىللىق ئىدى. دۆلەت ئۇستازى باسبا ھەزرەت (زاڭزۇ، تىبەت ھەرپلىرىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ موڭغۇل يېزىقىنى ئىجات قىلغان) تىن تەلىم ئېلىپ، جاپاغا چىداپ قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، بۇددىزم تەلىماتىنى پىششىق ئۆگەندى. بىر قانچە خىل تىلنى ئۆگىنىۋالدى. قۇبلاي خان ئۇنىڭ تالانتىنى بايقاپ، ئۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ خەنزۇ مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشكە بۇيرۇدى. ئارغۇن سالى بىر مەزگىل بېرىلىپ ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش ئارقىلىق ھەر خىل دەستۇرلار، تارىخ كىتابلىرى، مۇنەججىملىك كىتابلىرى، جۇغراپىيە - تىبابەتچىلىك كىتابلىرى بىلەن كەڭ تونۇشۇپ چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەتىۋارلىنىپ ئوردىغا تەكلىپ قىلىنىپ ئوردا مۇھاپىزەتچىسى بولدى. 1283 - يىلى قىشتا غەربىي يۇرتتىن ئىككى راھىب خانبالىققا كېلىپ، ئۆزلىرىنى تۇرلۇك ئاسترونومىيە ھادىسىلىرىنى بىلىدىغان پىشقان مۇنەججىم دەپ تونۇشتۇردى. ئوردا تىلماچلىرى بۇ ھەقتىكى ساۋاتلاردىن خەۋەرسىز بولغاچقا ئۇلارنىڭ گېپىنى تەرجىمە قىلىپ بېرەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئارغۇن سالى تىلماچلىققا تەكلىپ قىلىندى. راھىپلارنىڭ گېپىنى راۋان تىل، چوڭقۇر بىلىمىگە تايىنىپ بىمالال تەرجىمە قىلىپ ئۇلارنى تاڭ قالدۇردى. ئۇ شۇنىڭ بىلەن قۇبلاي خاننىڭ تارتۇقىغا ئېرىشىپ، ئوردا ياساۋۇللۇقىغا تەيىنلەندى. بىر قېتىم ئوردىدىكى مەلۇم بىر كىشى سۈڭ سۇلالىسىدىن قالغان بىر ئەمەلدارنى غەليان كۆتۈرۈش قەستىدە

بولۇۋاتىدۇ، دەپ قارىلاپ چېرىك ئەۋەتىپ قولغا ئېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئارغۇن سالى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن پاكىتلارغا ئاساسەن تەھلىل يۈرگۈزۈپ، جەنۇبىي جۇڭگو تەرەپ تېخى ئەمدىلا تىنچىدى، يەڭگىللىك بىلەن ئادەم تۇتۇپ، ئىشنى چوڭايتىۋەتسەك ۋەزىيەتنى تۇراقلاشتۇرۇشقا پايدىسىز، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ئىشنى تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرگەندىن كېيىن ئاندىن بېكىتىشكە توغرا كېلىدۇ، دېگەن قاراشقا كېلىپ، قۇبلاي خانغا ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈش توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىدۇ. قۇبلاي خان بۇ مەسلىھەتنى قوبۇل قىلىپ، ئەمەلدارنى تۇتۇشقا چېرىك ئەۋەتمەيدۇ. كېيىن تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇنىڭ تۆھمەت ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىدۇ.

1284 - يىلى ئارغۇن سالى يارىدەمچى مۇشاۋۇرلۇققا تەيىنلەندى. يۈەن سۇلالىسى يېڭى قۇرۇلغاچقا، نۇرغۇن ئىشلارنى يېڭىۋاشتىن باشلاشقا توغرا كېلەتتى. ئارغۇن سالى بۇ ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ قۇبلاي خانغا دۆلەتنى كۆڭۈل ئىدىيىسىگە تايىنىپ باشقۇرۇش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ئىرادىلىك ئەھلى ئىلىملەردىن مەسلىھەت ئېلىش، مەيلى سۈڭ سۇلالىسىدىن قالغان كونا ئەمەلدارلار بولسۇن، مەيلى زاھىدلار بولسۇن، دۆلەتكە يارامىلىق ئىستېدات ئىگىلىرىلا بولىدىكەن، ھەممىسىنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش تەكلىپىنى بەردى. ئۇ يەنە ئىلىم تالانت ئىگىلىرىنىڭ ئاساسى دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەلىم - تەربىيىنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىدى. خانلىق بىلىم يۇرتىنى تەسىس قىلىپ، ئۆلىما - ئەركانىبەگلەرنى كۆپەيتىشنى ھەمدە ئۇلارغا يۇقىرى مائاش بېرىشنى تەلەپ قىلدى. كېيىن ئۇنىڭ تەكلىپلىرىنىڭ ھەممىسىنى قۇبلاي خان قوبۇل قىلدى.

1285 - يىلى ئارغۇن سالى مۇشاۋۇللۇققا ئۆستۈرۈلدى. كېيىنكى يىلى دانىشمەن ئۆلىما ۋە ئىشكاغىلىقا ئۆستۈرۈلدى. 1287 - يىلى «پەزىلەتلىك ئۆلىما» لىققا ئۆستۈرۈلۈپ سول قول

www.uyghurkitap.com



دىۋانبەگلىككە تەيىنلەندى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ئالتۇن جەرگىلىك مۇئەككىللىككە ئۆستۈرۈلدى.

ئارغۇن سالى كۆڭلى تۈز، ۋەزىپىسىگە سادىق ئادەم ئىدى. شۇڭا ئۇ ئوردىدىكى بەزى ئەمەلدارلارنىڭ ھەسەتخورلۇق قىلىپ قارىلىشى بىلەن كۆپ قېتىم زىندانغا تاشلىنىپ ئۇۋالچىلىق تارتتى.

ئۇ قۇبلاي خان سەلتەنەتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە تولۇق ئىشەنچكە ئېرىشىپ ۋە ئەتىۋارلىنىپ، قۇبلاي خان بىلەن بىرلىكتە چىڭگىزخان تۆمۈرنىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىش ئىشىنى مەسلىھەتلىشىپ بېكىتتى. شۇڭا 1294 ـ يىلى قۇبلاي خان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇ تۆمۈرنىڭمۇ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، يۇەن سۇلالىسىدا داۋاملىق مۇھىم مەنسەپ تۇتتى. 1307 ـ يىلى ئارغۇن سالى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭغا دۆلەت ئىشلىرىغا ساداقەتمەن ياردەمچى تۆھپىكار ھەزرەت دېگەن نام بېرىلدى ھەمدە دۆلەت ئەركانى دەپ ئېتىراپ قىلىندى.

## تۇغلۇق تۆمۈر خان

تۇغلۇق تۆمۈر خان (1327 ـ 1363) موگغۇل خانى، چاغاتاي ئەۋلادى.

14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرغان موگغۇللار كۆنسايىن تۈركلىشىپ، چاغاتاي خانلىقى بارغانسېرى خارابلاشتى. 1345 ـ يىلى چاغاتاي خانلىقىنىڭ شەرقىي رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى ئۆز جەمەتىنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي رايونلىرىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئېھتىياجى بىلەن، تۇغلۇق تۆمۈرنى قىپچاق يايلىقىدىن (يەنە بىر رىۋايەتتە ئويرات) ئاقسۇغا ئېلىپ كەلدى. 1347 ـ يىلى چاغاتاي خانلىقى پارچىلاندى، دوغلاتلارنىڭ ئەمىرى تۇغلۇق تۆمۈرنى خان قىلىپ تىكلىدى. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي چاغاتاي خانلىقى قۇرۇلدى. بۇ يەرلىك ھاكىمىيەت جۇڭگو ۋە چەتئەل تارىخ كىتابلىرىدا «موغۇلىستان، بېشبالىق، ئىلبالىق» دەپ ئاتالدى.

تۇغلۇق تۆمۈر خان بولغاندا تېخى 20 ياشقا كىرمىگەنىدى. ئۇ ئىچكى ھۆكۈمرانلىقنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدە مالىمانچىلىق بولۇۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، 1360 ـ ، 1361 ـ يىللىرى ئىككى قېتىم قوشۇن تارتىپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ، سەمەرقەنتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل ماۋەرائۇننەھرنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالدى ۋە ئوغلى ئىلياس خوجىنى يەرنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قويۇپ، ئۆزى ئاستانە ئالمالىق(بوگۇنكى قورغاس ناھىيىسى) قا قايتىپ كەلدى. ئەتراپتىكى قەبىلىلەر كەينى ـ كەينىدىن ئۇنىڭغا بېقىندى. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى چاغاتاي خانلىقىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىدىكى ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى بىلەن تەڭلىشىپ قالدى.

تۇغلۇق تۆمۈر چوڭ خان بولغاندىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي يۇرت ئەللىرىدىكى مىللەتلەرنى ئۆزىگە مايىل قىلىپ، ئۆزىنىڭ بۇ رايونلارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئىسلام دىنىنى تارقاتقۇچى شەيخ جامالىدىن ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئەرشىدىن داموللىغا چوقۇنۇپ، ئۆزى باش بولۇپ ئىسلام دىنىغا كىردى، ئاندىن 160 مىڭ موڭغۇلنى ئۇزۇن چېچىنى كېسىپ ئىسلام دىنىغا كىرىشكە بۇيرۇدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ئىسلام دىنى پۈتكۈل شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدا كەڭ تارقالدى.

تۇغلۇق تۆمۈر خان ھوكۇمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، ئوگىداي خان زامانىدا بىكار قىلىنغان باج ـ سېلىقلار ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ قىيىنلاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۇغلۇق تۆمۈر خان ئۆزىنى خان قىلىپ تۇرغۇزغان دوغلات ئەمىرلىرىنىڭ ھوقۇقىنى بار كۈچى بىلەن چەكلىدى، بۇ ھال خان جەمەتى بىلەن ئەمىر ئاقسۆڭەكلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى. 1363 ـ يىلى تۇغلۇق تۆمۈر خان ئۆلۈپ، ئوغلى ئىلياس خوجا ئوغلان تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى

قەمرىدىن غەلىيان كۆتۈردى. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي چاغاتاي خانلىقى مالىمانچىلىقتا قالدى.

## تاتاتۇڭا

تاتاتۇڭا، ئۇيغۇر، تىلشۇناس

تاتاتۇڭا دەسلەپتە نايمان قەبىلىسىنىڭ خانى تايانخاننىڭ قول ئاستىدا مۆھۈردار ۋە ئاشلىق بېگى ئىدى. موڭغۇل قوشۇنى غەربكە يۈرۈش قىلغاندا نايمان قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلىپ تايانخاننى تارمار قىلدى. تاتاتۇڭا پاتپاراقچىلىق ئىچىدە ئالتۇن مۆھۈرنى ئېلىپ قاچقاندا موڭغۇل ئەسكەرلىرىگە ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى. موڭغۇل خانلىقى شۇ چاغقا قەدەر تېخى مۆھۈر ئىشلىتىپ باقمىغانىدى. تاتاتۇڭانىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئاندىن ئالتۇن مۆھۈرنىڭ پادىشاھ ھوقۇقىنىڭ سىمۋولى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت مۇھىم رولىنى بىلىپ يەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ئۇ موڭغۇل خانلىقى ئوردىسىنىڭ مۆھۈردارلىقىغا تەيىنلەندى.

تاتاتۇڭا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى پىششىق بىلەتتى. شۇڭا ئۇ بۇيرۇققا بىنائەن شاھزادىلەر ۋە باشقا بەگلەرگە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگەتتى.

تەيزۇڭ خان زامانىسىدا تاتاتۇڭا موڭغۇل خان ئوردىسىدا ئىزچىل ھوقۇق تۇتۇپ، چوڭقۇر ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى. ئۇ كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن يەنى 1308 ـ يىلى ئۇنىڭغا ئىشكاغىلىق ۋە يەنمېن بېگى دېگەن پەخرىي ناملار بېرىلدى.

## ئەنزاڭ

ئەنزاڭ (؟ ـ 1293)، يەنە بىر ئىسمى زاياداس، تەخەللۇسى گوباۋ(دۆلەت گۆھىرى دېگەن مەنىدە)، ئۇيغۇر، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر تەرجىمان.

ئەنزاڭ ناھايىتى ئەقىللىق بولۇپ، خەنزۇچىنى ياخشى بىلەتتى. كۆڭزى تەلىماتىنى پۇختا ئۆگەنگەن. بۇددا نوملىرىنى پىششىق ئىگىلىگەنىدى. شۇڭا دانىشمەن ئۆلىمالار ئىچىدە يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە ئىدى. ئۇ مۆڭگۈ خان تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە ئوردىغا كىرگەن. قۇبلاي خان تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا «ئاغىلىق نوملار تەپسىرلىرى» ناملىق 10 جىلدلىق كىتابنى تەقدىم قىلىپ، ئۇنىڭ ئالاھىدە ھىممىتىگە ئېرىشكەنىدى .

قۇبلاي خان يېڭى تەختكە چىققاندا دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا سۇلالىلەرنىڭ گۈللىنىش تەجرىبىلىرى ۋە خارابلىشىش ساۋاقلىرىنى ئەينەك قىلىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى. ئەنزاڭ ‹تارىختىن خەۋەردار بولغاندا، قەدىمكىنى بىلىپ، ھازىرقى ئىشلارنى ئوڭشىغىلى، نىيەتنى توغرىلىغاندا ئەلنى مايىل قىلغىلى بولىدۇ› دېگەن مەقسەت بويىچە خەنزۇچە كلاسسىك كىتابلاردىن «نەسىرنامە. پاراغەتكە بېرىلمەسلىك»، «جېنگۇەن يىللىرىدىكى مۇھىم ئىشلار. ئۆرنەكلەر» قاتارلىقلارنى موڭغۇلچىغا تەرجىمە قىلىپ قۇبلاي خانغا تەقدىم قىلدى. ئارىغ بۇقا غەلىيان قوزغاپ قاراقۇرۇمدا ئۆزىنى خان دەپ جاكارلاپ، مەملىكەتنىڭ بىرلىككە كەلگەن تىنچ ۋەزىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى. ئەنزاڭ بۇيرۇققا بىنائەن ئوردىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى سۈپىتىدە ئارىغ بۇقانىڭ قارارگاھىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلدى. ئەنسارى ئەنزاڭ موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىغا: ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەرنى ئاڭلاشقا ماھىر بولۇش كېرەك، بىر تەرەپنىڭلا پىكرىنى ئاڭلىغان بىلەن بولمايدۇ. دانىشمەن ئەھلى ئىلىملەرنى ئىشقا قويۇشتا ھەرگىز ئىككىلەنمەسلىك، قەبىھ ئادەم، يامان ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا ھەرگىز ئارىسالدى بولماسلىق كېرەك دەپ مەسلىھەت بېرىپ تۇردى. 1271 ـ يىلى ئەنزاڭ شۇخېڭ بىلەن بىرلىكتە قۇبلاي خانغا ئادەملەرنى چۈشىنىش ۋە ئىشلىتىشكە ماھىر بولۇش كېرەك، شۇنداق قىلغاندا ئىشلار روناق تېپىپ، بويسۇنىدۇ، دەپ ئەقىل كۆرسەتتى. قۇبلاي خان بۇنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى ۋە ئەنزاڭغا ‹يارلىقچى ئۆلىما، دۆلەت تارىخىنى تۈزگۈچى› دەپ نام بەردى. شۇنىڭدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئەنزاڭ يارلىققا بىنائەن «نەسىرنامە»، «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى»، «قىيىن كېسەللىكلەر دەستۇرى»، «شىپالىق دورا ئۆسۈملۈكلەر» قاتارلىق خەنزۇچە كلاسسىك كىتابلارنى موڭغۇلچىغا تەرجىمە

www.uyghurkitap.com

قىلىپ قۇبلاي خانغا تەقدىم قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن ئەنزاڭ ئىشكاغىلىق مەنسىپكە ئىگە بولۇپ، دانىشمەنلەر مېھمان قوبۇل قىلىش سارىيى ۋە تويىن دىنى ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قويۇلدى.

ئەنزاڭ ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە دانىشمەنلەرنى بايقاشقا، ئىقتىدارلىقلارنى ئىشقا قويۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، نۇرغۇن ئۆلىما، ئەدىپلەرنى ئوردىغا تونۇشتۇردى، مەسىلەن: تىلشۇناس گارۇناداس، بۇددىزم ئۇستازى تيەنزاڭ سالۇمخۇش ھەزرەت، ئىككى سۇلالىدە ۋەزىر بولغان چېنخاۋ قاتارلىق كىشىلەر ئەنزاڭنىڭ كۆرستىشى بىلەن ئوردىغا كىرىپ ئەمەلدار بولغان. بۇ كىشىلەر كېيىنكى ۋاقىتلاردا يۈەن سۇلالىسىنىڭ بىرلىكى ۋە قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان.

## ئەرشىدىن داموللا

ئەرشىدىن داموللا (ئەرشىدىن ۋەلى خوجا دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارادىن، 14-ئەسىردە شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى تارقاتقۇچى.

ئەرشىدىن داموللىنىڭ بوۋىسى شۇجائىدىن مەھمۇت بۇخارانىڭ ئەيخۇلرەئىسى ھاپىزىدىن بىلەن ئاكا-ئۇكا ئىدى. 14-ئەسىردە موغۇللار غەربكە يۈرۈش قىلىپ، بۇخارا شەھىرىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، شۇجائىدىن مەھمۇت قاراقۇرۇمغا سۈرگۈن قىلىندى. كېيىن تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبى چېتىدىكى لوپ، رومغا كېلىپ ئىسلام دىنىنى تارقاتتى. كېيىن بۇ يەرلەرنى بارا-بارا قوم بېسىپ كەتتى. ئۇ ئائىلىسى بىلەن ئاقسۇغا كۆچۈپ كەتتى. 1347-يىلى تۇغلۇق تۆمۈر خان موغۇللارنىڭ دوغلات قەبىلىسى تەرىپىدىن خان قىلىپ تۇرغۇزۇلۇپ، شەرقىي چاغاتاي خانلىقى قۇرۇلدى. ئەرشىدىن داموللا بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ئاقسۇدىن شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ مەركىزى ئالمالىققا يۆتكەلدى. ئۇ كۆپ ھەپىلىشىپ ئاخىرى تۇغلۇق تۆمۈر خان بىلەن كۆرۈشتى. ئەرشىدىن داموللىنىڭ دەۋەت نەسىھەتى بىلەن تۇغلۇق تۆمۈر خان ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولدى. تۇغلۇق تۆمۈر خانىنىڭ تەسىرى ۋە بۇيرۇقى بىلەن موغۇل ئەمەلدار-ئاقسۆڭەكلىرى ۋە پۇقرالىرىدىن 160 مىڭچە ئادەم ئۇزۇن چېچىنى كېسىپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ئىسلام دىنى شىنجاڭدا كەڭ تارقىلىشقا باشلىدى.

ئەرشىدىن داموللا موغۇل ئوردىسىدا بىر يىلدىن ئارتۇق تۇرۇپ، تۇغلۇق تۆمۈر خانغا ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىلىرى، ئەدەب-يوسۇنلىرى، پەرھىزلىرى قاتارلىقلارنى ئۈزلۈكسىز تونۇشتۇردى. ھەمدە ئۇ موغۇل خانىنىڭ ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان، كۇچا قاتارلىق جايلارنىڭ ئىسلام دىنى ئۆلىماسى بولسىڭىز دېگەن تەلىپىنى رەت قىلدى.

ئەرشىدىن داموللا تۇغلۇق تۆمۈر خان ئەۋەتكەن لەشكەرلەرنىڭ ھىمايىسىدە كۇچا قاتارلىق جايلارغا كېلىپ دىن تارقىتىپ، ئۇ يەردىكى پۇقرالارنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىشقا دەۋەت قىلدى.

ئۆزىمۇ شۇ مۇناسىۋەت بىلەن كۇچادا ئولتۇراقلىشىپ، تالىپ قوبۇل قىلىپ دىن تەرغىباتى بىلەن شۇغۇللاندى، مەسچىت سالدۇردى، ۋەخپە شەكلىدە نۇرغۇن يەر ۋە دۇكان-ساراي ئىگىلىدى، 72 داموللا، 200 نەچچە موللا تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. ئەرشىدىن داموللا كۇچادا تۇرغان مەزگىلدە، تۇغلۇق تۆمۈر خان ئۇنىڭغا ھەر يىلى زاكات ئاشلىق ۋە سوۋغات ئەۋەتىپ تۇردى، بۇ ئادەت تاكى خىزىر خوجا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقىتقا قەدەر داۋاملاشتى.

ئەرشىدىن داموللىدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، ئۇنىڭ جەمەتى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ دىنىي ئىشلىرىدا يۈز نەچچە يىل ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇردى. كېيىن بۇ ئورۇننى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نەقشىبەندىيە تەرىقىتىدىكىلەر ئىگىلىدى. ئەرشىدىن داموللا تەخمىنەن 15-ئەسىرنىڭ بېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. كۇچا ناھىيىسى تەۋەسىدە ھازىرمۇ ئۇنىڭ مازار خارابىسى بار.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

تەرجىمە قىلغۇچى: سابىر ئەلى

# 新疆地方志

（季刊）

目录

2008年第二期

总第八十三期



**顾问**

伊敏·图尔逊

努尔穆罕默德·多莱提

沙比尔·艾力

**主编**

迪木拉提·木沙

**副主编**

阿不都肉甫·艾力

艾合买提·肉孜·托格如力

**编委**

（姓氏以维吾尔文字母为序）

阿不都肉甫·艾力

阿不都守库尔·图尔地

阿不都克优木·霍加

阿不来提·努尔东

阿不来提·伊敏

热米拉

沙比尔·艾力

吾甫尔·吾守尔·尼亚孜

霍加阿合买提·优努斯

哈德尔·阿皮孜

哈斯木·霍加

库尔班·马木提

**责任编辑**

甫拉提·伊米提


# 目录

## 历史资料


古城武术……………………………… 哈斯木·霍加 1


## 学术讨论


古代汉文文献中“匈奴”等名称的回鹘语译名 ……

………………………………………… 雅森·吾守尔 3

简介达克亚努斯 ……… 海热提江·乌斯曼 20


## 历史人物


娴熟的达瓦孜艺人 —— 阿西木阿吉…………………

………………………………………… 买买提·夏吾东 24

娴熟的柯坪艺人…………………马木提·库尔班 33


## 宝地


茄皮提馕………… 塞米·穆罕默德，吐尔逊·库尔班 37


## 文物古迹


一对宝物 ……………………………穆罕默德·玉苏甫 41

新疆历史上曾经使用的计量单位……………………

……………………………………………尼亚孜·克里木 44


## 小常识


慈禧为何支持收复新疆……………………………… 46


## 社会主义新方志


摘自《新疆通志·人物志》……………………… 49


封面：喀喇汗王朝钱币

穆罕默德·玉苏甫提供

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# 新疆地方志 维吾尔文(季刊) (پەسىللىك ژۇرنال) شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى


主　　办:新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会
باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى

编辑出版:《新疆地方志》编辑部
تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» تەھرىر بۆلۈمى

地　　址:乌鲁木齐市南湖路西一巷 12 号
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭەنكۆل يولى غەربىي 1 - كوچا 12 - نومۇر

印　　刷:新疆金版印务有限公司
باسقۇچى: شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئە چەكلىك شىركىتى

国内统一刊号 CN65—1128/K—W
مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN65—1128 / K—W

电话:4640715　4637126　邮政编码:830063
تېلېفون نومۇرى: 4640715　4637126　پوچتا نومۇرى: 830063

定价:3.00 元
باھاسى: 3.00 يۈەن